بسم الله الرحمن الرحيم

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

# قۇرئاندىكى سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيەتلىرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابدۇراھمان جامال كاشغەري

# قۇرئاندىكى سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيەتلىرى

**KUR'ÂN'DA SEBEB - SONUÇ İLİŞKİLERİ**

**A.Cemal Kaşgarlı**

**السنن الإلهية فى القرآن**

عبدالرحمن جمال الكاشغري

2 - نەشرى

2018 - يىل مارت

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

تۈركىيە - ئىستانبۇل

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........ 3
قۇرئاندىكى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى بىلىشنىڭ پايدىسى ........ 7
ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........ 10
قۇرئان كەرىمدىكى سەۋەب -نەتىجىلەر ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ........ 13
ئاللاھنىڭ سەۋەب -نەتىجە قانۇنىيىتىدىن قانداق پايدىلىنىمىز؟ ........ 21
ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرگە قارىتا مۇئامىلە قىلىش مېتودى ........ 25
1 - ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىش ........ 26
2 - ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر بىلەن سوقۇشماسلىق ........ 27
3 - ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى تەتبىقلاش ........ 30
4 - بەزى قانۇنىيەتلەر ئارقىلىق باشقا قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىش ........ 33
قانۇنىيەتلەرنى رېئال ھاياتقا تەتبىقلاش چۈشەنچىسى ........ 37
مۇكاپات -جازا ئىشنىڭ تۈرگە باغلىق ........ 41
ئىلاھىي ياردەم تەييارلىققا قارىتا بولىدۇ ........ 44
بايلار ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ تالاش -تارتىش قىلىشىدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ........ 47
1 - ئايەت تەسۋىرلەپ بەرگەندەك ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى ........ 47
2 - ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ ئىسلاھاتچىلارغا بولغان پوزىتسىيىسى ........ 51
3 - ئاللاھنىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا قانۇنىيىتى ........ 52
بەسلىشىش ۋە رىقابەتلىشىش قانۇنىيىتى ........ 54
بۇ قانۇنىيەت بىلەن ئۈممەتنىڭ ئېڭىنى روھلاندۇرۇش ........ 57
ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتى ........ 59

ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتا باشلىنىش نۇقتىسى دائىم قىيىن بولىدۇ ........ 61
شەرىئەتتىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرگە قارىتا ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ........ 64
خاتىرجەملىك قانۇنىيىتى ........ 66
جەمئىيەتلەرنى جازالاشتىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ........ 69
ئالمىشىش قانۇنىيىتى ........ 71
ئايلىنىپ تۇرۇش قانۇنىيىتى ۋە ئاللاھنىڭ زالىملارغا تۇتقان قانۇنىيىتى ........ 73
ئالماشتۇرۇش قانۇنىيىتى ........ 75
ھەزارەتتىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى ........ 77
تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىش قانۇنىيىتى ........ 81
1 - رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرى ۋە تەدرىجى ئىسلاھ قىلىش قانۇننىيىتى ........ 81
2 - ئىسلام تارىخى ۋە تەدرىجىيلىك قانۇنىيىتى ........ 84
2 - دەۋەت قىلىشتىكى ئاساسلىق نۇقتىلار ........ 87
سەۋەب قانۇنىيىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى خاتالىقلار ........ 90
1. ماددىي سەۋەبلەرگە سەل قاراش ........ 90
2. قىينچىلىق سەۋەبلىرىنى خاتا تەكشۈرۈش ........ 90
3. ئىلمىي تەتقىقاتقا سەل قاراش ........ 92
4. مەنىۋىي سەۋەبلەر ماددىي نەتىجىلەرنى كۆپلەپ قولغا كەلتۈرىدۇ ........ 93

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇقەددىمە

قۇرئان ئاللاھ چۈشۈرگەن مۇقەددەس كىتاب بولۇپ، ئىلاھىي مۆجىزە، نىجاتلىق كېمىسى، ھىدايەت خەزىنىسى ۋە ئىنسان بىلەن ياراتقۇچى ئارىسىدىكى ئالاقە ۋاستىسىدۇر. بۇ كىتابنىڭ مەقسىتى ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە ئالاقىدار كۆرسەتمە ۋە تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھىي مىتود.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت، شىپا، رەھمەت، ئادالەت ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ئەڭ چوڭ نېمەت قىلىپ چۈشۈردى. قۇرئان كەرىمگە مۇشۇ ئۇقۇم بويىچە مۇئامىلە قىلمىغاندا، شەخسلەر ۋە مىللەتلەرگە ئىلاھىي جازا ئارقىمۇ ـ ئارقا چۈشۈۋېرىدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار» (ئەنفال، 25 ـ ئايەت).

قۇرئاندا كەلگەن ئاللاھنىڭ كائىنات ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش مۇھىم بىلىم ـ مەرىپەتتۇر، قۇرئان كەرىم كۆپلىگەن ئورۇنلاردا بۇ قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىشكە چاقىرغان. ئاللاھنىڭ كائىنات قانۇنىيەتلىرى ھاياتنى چۈشىنىشتىكى قۇرئاننىڭ پەلسەپىسىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىمنى مۇلاھىزە قىلغان ئادەم ئايەتلەرنىڭ رىئاللىق ۋە ھادىسىلەر بىلەن باغلىنىپ ماڭىدىغانلىقىنى ۋە ئىبرەت نۇقتىلىرىنى ئىچىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. چۈنكى قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن كىتاب، ئىستىلنى تۈزىتىدىغان كىتاب، ھىدايەت ۋە يول كۆرسەتكۈچى كىتاب بولۇپ، زېمىنغا چۈشكەن زاماندىن بۇيان رىئاللىق ۋە ھايات بىلەن تۇتۇشۇپ ماڭماقتا.

قۇرئان كەرىم تارىخ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان مۇقىم ۋە ئۆزگەرمەس تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەر چۈشەنچىسىنى ئىنسان ئىدىيىسىگە ئېچىپ بېرىدىغان بىرىنچى كىتابتۇر: «سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن قانۇنىيەتلەر بولۇپ ئۆتتى، زېمىندا (تارىخى ئىزدىنىش روھى بىلەن) ساياھەت قىلىڭلار، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ چىقىڭلار» (ئال ئىمران سۈرىسى 137 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتكە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىر بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ مۇقىم قانۇنىيەت ئاساسىدا ماڭىدىغانلىقى، بۇ قانۇنىيەتلەردە نەتىجىنىڭ سەۋەبكە باغلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنماقتا. بۇ ئايەت بىزگە كائىنات ۋە ھاياتتا قانۇنىيەتلىرىم بار، شۇ قانۇنىيەتلىرىمنى چۈشىنىڭلار دەپ خەۋەر قىلىۋاتىدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ئەڭ مۇھىم بىلىم ـ مەرىپەتلەرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. سەۋەبى ھاياتتىكى گۈللىنىش ۋە مەغلۇب بولۇش ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى بىلىشكە باغلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ھاياتى بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالى. كىم مۆمىنلەرنىڭ يولىدا ماڭسا غەلىبىگە مۇيەسسەر بولىدۇ، كىم ئاسىي ۋە زالىملارنىڭ يولىدا ماڭسا ھالاكەتكە دۇچار بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم غەلىبە ـ مەغلۇبىيەت قانۇنىيەتلىرى، مەدەنىيەت ـ لەرنىڭ بەرپا بولۇش ۋە ۋەيران بولۇش قانۇنىيەتلىرى، تەرەققى قىلىش ۋە ئارقىدا قېلىش قانۇنىيەتلىرى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى

گۈللىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىش قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن. كائىنات ۋە ھايات قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى چۈشەنگەندە ئىنسانىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلگەن كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن ياخشى پايدىلانغىلى بولىدۇ.

كائىنات ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى بىلىش مۇسۇلمانلار دىققەت قىلمايۋاتقان مەدەنىيەت خاراكتېرلىك پەرز ئىشلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر بولسا ئۆزگەرمەس مۇقىم قانۇنىيەتلەردىن ئىبارەت.

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئارقىدا قېلىش، ھايات مەيدانلىرىدىن چېكىنىپ چىقىش ۋە پاسسىپلىق ھالەتلىرى، ئۇلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىگە ئەكس تەسىر پەيدا قىلماقتا. ئۇلار نورمال جارى بولۇۋاتقان مۇقىم ئىلاھىي قانۇنىيەتلەردىن يۈز ئۆرۈپ، ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنىيەتلەرنى كۈتۈپ ئولتۇرماقتا.

شۇنىڭغا بىنائەن ھەر بىر قوۋم ياكى ھەر بىر مىللەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى قىلىپ ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلمىسا ياكى تەرەققى قىلدۇرمىسا،ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىچارىلىقتىن ئىززەتلىك ھاياتقا ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولىشىدىكى ئۈمىد ماقامىدۇر.

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

مىسىر، قاھىرە شەھىرى

2015 ـ يىلى

# قۇرئاندىكى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى بىلىشنىڭ پايدىسى

قۇرئان كەرىمنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئىنسانلارغا ئويغىنىش - غاپىل قېلىش، غەلىبە قىلىش - مەغلۇب بولۇش سەۋەبلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئىنسان بۇ قانۇنىيەتلەردىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ ياكى قارشى تۇرالمايدۇ ۋە ياكى ۋاز كېچەلمەيدۇ.

مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئىزدىنىش، ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش ياكى يىقىلىپ چۈشۈشكە ئېلىپ بارىدىغان مۇقەددىمىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلاپ بارىدۇ. قۇرئاننىڭ قانۇنىيەتلىرى مۇسۇلمانلارغا بىر قانچىلىغان نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ:

1. ئۇ قانۇنىيەتلەر ئۈممەتنى ھىدايەت قىلىشنىڭ سەۋەبىدۇر: «ئاللاھ سىلەرگە شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشنى، سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى پەيغەمبەر ۋە ياخشىلار) نىڭ يوللىرىغا سىلەرنى ھىدايەت قىلىشنى، تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ» (نىسا، 26 - ئايەت). ئاللاھ كىشىلەرگە ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قائىدىلەرنى ۋە ھېكمىتىنى ئېچىپ بەرمەكچى. بۇ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش تەۋبە قىلىشنىڭ سەۋەبىدۇر، تەۋبە قىلىش يەككە سەۋىيە بويىچە بولغاندا ياخشىلىققا ئۆزگىرىش ئىرادىسىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئېلىپ ئېيتقاندا رىئاللىقنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سەلبىي تەرەپلەرنى كوللېكتىپ ھالدا قايتا تەكشۈرۈپ چىقىشنى، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئارقىدا قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئەھۋاللارنى تۈزىتىشنى ۋە مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى مۇستەھكەملەشنى

كۆرسىتىدۇ.

2. بۇ قانۇنىيەتلەر ئىلاھىي ئادالەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بولغان بىر كۆرۈنۈشتۇر:

چۈنكى بۇ قانۇنىيەتلەر بىر ئىنسان بىلەن يەنە بىر ئىنسان ئارىسىنى، بىر مىللەت بىلەن يەنە مىللەت ئارىسىنى ئايرىپ قارىمايدۇ. ياخشى ئىشلار دائىم گۈزەل نەتىجە يارىتىدۇ، يامان ئىشلار دائىم يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر: «بۇ ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر، ئاللاھنىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن» (ئەھزاب سۈرىسى 62 ـ ئايەت). ئەگەر بۇ قانۇنىيەتلەر مۇقىم ۋە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشمايدىغان بولسا، بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىبرەت ئېلىشنىڭ پايدىسى بولمىغان بولاتتى.

3. ئاللاھقا قارىتا ئىماننى ئاشۇرۇش:چۈنكى بۇ قانۇنىيەتلەر ئاللاھنىڭ ئاجايىب قۇدرىتى ۋە ئىنچىكە ھېكمەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئاسمان ـ زېمىندا ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ ئىش يۈز بەرمەيدۇ، ھېچكىم بۇ قانۇنىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ كائىناتنىڭ پەيدا بولۇشىدا قالايمىقانچىلىق ۋە تاسادىپىيلىققا ئورۇن يوق. شۇڭا بۇ قانۇنىيەتلەرنى بىلگەن ئادەمنىڭ قەلبى ئاللاھنى تېخىمۇ ئۇلۇغلايدۇ.

4. بۇ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ۋەقەلىك ۋە ھادىسىلەرگە توغرا باھا بېرەلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا تەھلىل قىلىغان كىشى كەلگۈسىگە نەزەر يۈرگۈزەلەيدۇ ۋە بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ، مىللىتىنىڭ ۋە ئۈممىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدۇ.

5. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇزۇن زامان يۈز بەرگەن نەرسىنى قىسقا شەكىلدە بايان قىلىپ بەرگەن قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش

ئەقلىنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە ئالاقىسىنى بىلىشىگە يول ھازىرلاپ بېرىدۇ.

6. بۇ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش باتىل ئىشلارغا قارشى تۇرۇشتا، ھەق ئىگىلىرىنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشىغا قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقى بىلەن كۆڭۈللىرىنى خاتىرجەم قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان باتىلنىڭ گۈللىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالمايدۇ. قۇرئان كەرىم ئۇنىڭغا زالىم دۆلەتلەرنىڭ ۋەيران بولغان ئارقىمۇ ـ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مۇسۇلماننىڭ نەزىرىدە باتىلنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكى ئۇنىڭ زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ،ھەقىقەتنىڭ ئۆرۈغى كىچىك بولسىمۇ، ھامان چوڭىيىدۇ.

7. ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەممە ئىنسانلارغا تەتبىقلىنىدۇ، ھېچكىم بۇنىڭدىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ.

8. بۇ قانۇنىيەتلەردىن ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇشتا پايدىلىنىش لازىم: دەۋەت قىلىش قۇرئان كۆرسەتمىلىرى ئاساسىدا بولىدۇ، چۈنكى بۇ قۇرئاندا ئەقلنى ھەيرانغا سالغۇدەك ھەقىقەت ۋە مۆجىزىلەر بار. قانۇنىيەتلەر بىلمى قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ قاتارىدىن. چۈنكى ئىنسان بۇ ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنى ھەقىقەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن، قانۇنىيەتلەر بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن، تارىخى ۋەقەلىكلەر ئۇزۇن زامانلار بويى ئېنىق بولمىغان ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقى ئىللەتى روشەن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھەر قانچە بىلىملىك بولسىمۇ مۇنچە ئىنچىكە ئۇتتۇرىغا قويالمايدۇ. شۇڭا ئاللاھنىڭ مەخلۇقلاردىكى قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئاننى ياخشى چۈشىنىشنىڭ شەرتىدۇر.

## ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

قانۇنىيەت: ئاللاھنىڭ كائىنات، ھايات ۋە ھاياتلىقتا تەۋە نەرسىلەرنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان نىزامدۇر، ياكى ئاللاھنىڭ كىشىلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، ئىستىلى ۋە ئىلاھىي مېتودقا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە نىسبەتەن ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان قائىدە ـ تۈزۈمىدۇر.

قانۇنىيەتلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

**1. كائىنات خاراكتېرلىك داۋاملىشىۋاتقان قانۇنىيەت:**

كائىنات خاراكتېرلىك قانۇنىيەتلەر كائىنات ۋە ھاياتنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئاسمان جىسىملىرى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدىن توختاپ قالمايدۇ ۋە باشقا جىسىملار بىلەن سوقۇشۇپ كەتمەيدۇ. زېمىندا بولسا گازنىڭ نىسبىتى، مەدەن ۋە سۇيۇقلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرى ۋە مەخلۇقلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتلەر بار.

**2. ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەر**

ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سادىر بولغان ئىش ـ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتلەردۇر. بۇ قانۇنىيەتلەر ئىنساننىڭ ياخشى ياكى يامان ئىختىيارى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە چېتىلغان نەتىجىلەرنى بەلگىلەپ بېرىدىغان قانۇنىيەتلەر. ئىنسانلارنىڭ تەرەققى قىلىشى ياكى ئارقىدا قېلىشى، بەختلىك بولىشى ياكى بەختسىز بولىشى مۇشۇ قانۇنىيەتلەرگە

باغلىقتۇر.

قۇرئان كەرىم كائىنات قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنى باغلاپ تۇرىدىغان شەكىلدە قانۇنىيەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىغان: «ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (ھەج سۈرىسى،61 ـ ئايەت). بۇ ئايەتتە سەبىر قىلغان ئادەمگە ئاللاھنىڭ نۇسرەت بېرىدىغانلىقى بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى ئارىسىدا باغلىنىش بار، چۈنكى زۇلمەت دائىم بولمايدۇ، زۇلمەتتىن كېيىن يورۇقلۇق ھامان كېلىدۇ. كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى شارائىت ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر، چۈنكى مەغلۇب بولغان ئادەم غالىب ئادەمگە، غالىب ئادەم مەغلۇب بولغان ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ مۇددىتى بەزىدە ئۇزۇن، بەزىدە قىسقا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا قادىر بولغان چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە زات ئەلۋەتتە ئاجىز ئىنساننى كۈچلۈك ئىنساندىن غالىب قىلىشقا قادىردۇر.

ئىنسان كائىنات بىلىملىرىدە تەرەققى قىلىپ ئالەم كېمىسى ياساپ ۋە ئالاقە ۋاستىلىرىنى ئاسانلاشتۇرغان خەلقئارا ئىنتېرنېت تورىنى ئىجات قىلىپ، تۈرلۈك ساھەلەردە تەرەققى قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمگە مۇراجەت قىلماستىن تونۇپ يەتكىلى بولمايدۇ.

### 3. ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنىيەتلەر

ئادەتتىن تاشقىرى بولغان قانۇنىيەتلەر ئىنسانلارنىڭ بىلىشىدىن ھالقىپ كەتكەن قانۇنىيەتتۇر. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى چەكسىز بولۇپ، قانۇنىيەتلەرنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. ئاللاھ مۇتلەق قۇدرىتى ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرنى مۆجىزە بىلەن، تەقۋا ۋە ياخشى كىشىلەرنى كارامەت بىلەن قوللايدۇ. مۆجىزە ياكى كارامەت كۆرۈلسە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقى

ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە قارىتا ئىنساننىڭ تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ.

ئادەتتىن تاشقىرى بۇ قانۇنىيەتلەر ئومۇمىي مۇقىم قانۇنىيەتلەردىن ئايرىم مۇستەسنا قانۇنىيەتلەر بولۇپ، ئادەتتىكى سەۋەبلەرنى تولۇق قىلغانلارغا ئاللاھ ئىرادە قىلغاندا يۈز بېرىدۇ. بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ يولى بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئوچۇق ئەمەس. يەنى مۆجىزە پەيغەمبەرلىكنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ قولى ئارقىلىق يۈز بېرىدۇ، كارامەت ئاللاھ ئىرادە قىلغاندىلا ئاندىن ياخشى ئادەملەرنىڭ قولىدا يۈز بېرىدۇ، ياخشى ئادەملەر ئۆزى خالاپ كارامەت پەيدا قىلالمايدۇ. ئىستدراج (يولنى كەڭ قويۇپ تەدرىجى جازالاش) زالىملار ۋە پەيغەمبەرلىكنى داۋا قىلغانلارنىڭ سەۋەبى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ.

# قۇرئان كەرىمدىكى سەۋەب ـ نەتىجىلەر ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتى كۆپ ئورۇن ئالغان، ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. ئاللاھنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىدىكى قانۇنىيەتلىرى كائىناتنىڭ نىزامىنى بەرپا قىلىش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، ئىستىلى ۋە قىلمىشلىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىلەرگە مۇكاپات ۋە جازانىڭ مۇناسىۋەتلىك بولىشىدىكى ئەسلى قائىدىدۇر. مانا بۇ ئىلاھىي ئادالەت ۋە مۇكەممەل ھېكمەتنىڭ جۈملىسىدىن. ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئىلمىنى بىلىش ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي بىلىمدۇر، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە كۆپ ئورۇنلاردا ھاۋالە قىلغان، بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش ـ يىقىلىش، گۈللىنىش ـ ۋەيران بولۇش، ئادىللىق قىلىش ۋە زۇلۇم قىلىشتىن ئىبارەت ئەھۋاللىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئىبرەت ئېلىشقا تەشەببۇس قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش روھى ئاساسىدا دۇنيا كۆرۈش ۋە زېمىندا ئايلىنىشقا بۇيرۇغان.

ئىبنى قايىيم مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز قۇرئان ۋە سۈننەتتىن سەۋەب قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان دەلىل ئىزدەپ قالساق 10000دىن ئارتۇق ئورۇندا دەلىل تاپالايمىز، بىز بۇنى مۇبالىغە سۈپىتىدە دېمىدۇق، بەلكى ھەقىقەت. بۇنىڭغا ھېس تۇيغۇ، ئەقىل ۋە

ئىنساندىكى تەبىئىي خاراكتېرنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر... سەۋەب ـ چارىنى قۇرئان كەرىمدىنمۇ كۆپ ئىسپاتلىغان بىرەر كىتابنى تاپالمايسەن. سەۋەب ۋە نەتىجىنى ياراتقۇچى ئالالاھدۇر، سەۋەب بىلەن نەتىجە ئالالاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ھۆكمىگە بويسۇنىدۇ. ئەگەر ئاللاھ سەۋەبنى بىكار قىلىپ تاشلاشنى خالىسا بىكار قىلىۋېتىدۇ، خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوت كۆيدۈرمىگەنىدەك، مۇسا ۋە ئۇنىڭ قوۋمىنى سۇ غەرق قىلىۋەتمىگەنىدەك. ئەگەر خالىسا ئۇ سەۋەبلەرنىڭ تەسىرىنى توسۇپ قويىدۇ، خالىسا تەسىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىمۇ ۋە بۇنىمۇ قىلالايدۇ» (ئىبنى قاييىم: «كېسەلنىڭ شىپاسى» 189 ـ بەت)

قۇرئان كەرىمگە قارايدىغان بولساق، كۆپلىگەن ئورۇنلاردا سەۋەب بىلەن نەتىجە ياكى مۇقەددىمە بىلەن نەتىجىنى باغلاپ مۇقەررەرلەشتۈرگەن. ئاللاھ مۇسىبەت ۋە كىرىزىسنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى قانۇنىيىتىنى بايان قىلىپ: «سىلەرگە ھەر قانداق مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ،دەيدۇ» (شۇرا سۈرىسى 30 ـ ئايەت). مىللەتلەرنى جازالاشتىكى قانۇنىيىتىنى بايان قىلىپ: «ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق»دەيدۇ (مائىدە سۈرىسى 13 ـ ئايەت).

شەرىئەتنىڭ ھەممىسى سەۋەب ۋە نەتىجىدىن ئىبارەت، تەقدىرىمۇ سەۋەب ـ نەتىجىدىن ئىبارەت. نەتىجىلەر سەۋەبلىرىگە شەرىئەت ۋە تەقدىر جەھەتتىن باغلىنىپ كەتكەن. ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى مەنپەئەتلىرىمۇ سەۋەبكە باغلانغان. ئىمام غەزالى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھېكمەتنى نامايان قىلىش ئۈچۈن نەتىجىلەرنى سەۋەبكە باغلاش ئارقىلىق قانۇنىيەتلىرىنى جارى قىلدۇردى، دورا باشقا سەۋەبلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ھېكمىتى

بىلەن بويسۇندۇرۇلغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر» (دىن بىلىملىرىنى گۈللەندۈرۈش، 285 ـ بەت).

ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىر بولۇپ، ئاسمان ـ زېمىننى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يارىتىشقا قادىر ئىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاسمان ـ زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقى بىزنىڭ ئالدىراپ كەتمەستىن سەۋەب ـ چارە قىلىش قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىشىمىزغا چاقىرىقتۇر. ئاللاھ سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇدى، كىم سەۋەبنى قىلىشنى رەت قىلسا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

سەۋەب ـ چارە قىلىش بىلەن تەقدىرگە ئىشىنىش ئەقىدىسى ئارىلىقىدا زىتلىق مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى تەقدىر سەۋەب ۋە نەتىجىگە تەڭ مۇناسىۋەتلىك: «ئى ئوغۇللىرىم! ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا ـ باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار. ئاللاھنىڭ قازاسى ئالدىدا مەن سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايمەن» (يۇسۇپ 67 ـ ئايەت). بۇ ئايەت دۇنيادا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان سەۋەبلەرگە رىئايە قىلىشقا ئىشارەت قىلماقتا.

شام دىيارىغا ۋابا كېسىلى تارقالغانلىق خەۋىرى ھەزرىتى ئۆمەرگە يەتكەندە شەھەرگە كىرمەي قايتىپ كېتىش قارارىنى ئالغان. شۇ چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە دېگەن ساھابە ھەزرىتى ئۆمەرگە:ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن قاچماقچىمۇ؟ دېگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر: ئىلگىرىلىسەكمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى، چېكىنسەكمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى، دەپ جاۋاب بەرگەن.

دېمەك، نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ يولغا قويۇپ بەرگەن سەۋەب ـ چارىلەرنى قىلغان مۇسۇلمان، سەۋەب قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان بولىدۇ. تەۋەككۇلچىلىك دېگەن ئىمكانىيەت يېتىدىغان بارلىق سەۋەبلەرنى قىلىپ بولۇپ، نەتىجىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرغانلىقتۇر. سەۋەب ـ چارە قىلىشتىن

قېچىش ياكى بوشاڭلىق قىلىش ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلمىگەنلىكتۇر، ئاللاھقا تايىنىپ تۇرۇپ سەۋەب ـ چارە قىلىش تەۋەككۇلچىلىك بىلەن زىت كەلمەيدۇ.

سەۋەبكىلا تايىنىش تەۋھىد ئەقىدىسىكى كەمچىللىكتۇر، سەۋەبلەرنى قىلماسلىق ئەقلىدىكى كەمچىلىكتۇر، سەۋەبلەردىن بىر پۈتۈن يۈز ئۆرۈش دىيانەتتىكى كەمچىلىكتۇر. شۇڭا مۇسۇلمان سەۋەبنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن قىلىدۇ، سەۋەبنىڭ ئۆزىلا ئۆزلىكىدىن نەتىجە يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قارىمايدۇ. ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە سەۋەبنى قىلىپ، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن نەتىجىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدۇ.

ماددىي سەۋەب قىلىش قانۇنىيىتىدە مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوخشاش، رىزىق تېپىش ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش قانۇنىيىتىگە باغلانغان. ئارتۇق نەتىجە ئېلىپ كېلىدىغان مەنىۋي سەۋەبلەر ئاللاھقا ئىشىنىش، شېرىك كەلتۈرمەسلىك ۋە ئىخلاسقا مۇناسىۋەتلىك. مەنىۋي سەۋەبلەر ئىمانىي ھالەتكە باغلىقتۇر. دېمەك، ماددىي سەۋەب، ھەر قانداق ئىنسان ئۈچۈن قولايلىق. مەنىۋي سەۋەب ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن مۇسۇلمانلارغا خاس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمانى، ئىخلاسى ۋە ئەھۋالىغا قاراپ نەتىجە قولغا كېلىدۇ.

### ***قۇرئاندىكى سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىي مىساللىرى***

#### **1. قۇرئان كەرىم سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە قىزىقتۇرىدۇ**

«ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلغان، تەقۋالىق قىلغان ۋە قىيامەتنى تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ، ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان ۋە قىيامەتكە ئىمانى يوق ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز»

(لەيل سۈرىسى 5 ـ 10 ـ ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەرگە قارايدىغان بولساق بۇ ئايەتلەر نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن ياخشى ئىشلار ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىگە ئالدىراشقا تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا يامان ئىشلار ۋە يامان ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرىدىن يىراقلىشىشقا چاقىرىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ روھىغا قارىساق مال ـ مۈلكىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش، تەقۋا بولۇش ۋە قىيامەتنى تەستىقلاش ئىشلارنىڭ قولايلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلارنىڭ بۇ سەۋەبلىرىنى قىلىشىنى كۈتىدۇ. شۇنداقلا ئىشلارنىڭ مۇرەككەپ ۋە قىيىن بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىنسان، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىمۇ ئىنسان. بۇ ئايەت بىزگە مۇنداق مەكتۇپ يوللىماقتا: مال ـ مۈلۈكىڭلار ئارقىلىق ياخشىلىق قىلىڭلار، تەقۋا بولۇڭلار، ئىشلىرىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمەن، مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىمەن... بېخىللىق قىلماڭلار ۋە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىدىن قاچماڭلار، بولمىسا ئىشلىرىڭلارنى تەسلەشتۈرۈش ۋە قىينىلاشتۇرۇۋېتىش ئارقىلىق سىلەرنى جازالايمەن. سەۋەبچىسى سىلەر ئۆزۈڭلار!.

**2. ھاجەرنىڭ ساپا بىلەن مەرۋە ئارىلىقىدا يۈگۈرۈشى**

ھاجەر ئەلەيھىسسالام ساپا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدا سۇ ئىزدەپ يەتتە قېتىم يۈگۈرىدۇ. خۇددى بۇ يەردە ئاللاھ ھاجەرگە ۋە باشقا ئىنسانلارغا ھەرىكەت قىل، سەۋەبنى قىل دەۋاتقاندەك. بۇ ۋەقەلىك ئىنسانغا سەۋەب ـ چارە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تەلىم بېرىدۇ، بىراق نەتىجىنى سەۋەب ـ چارىنى ياراتقان ئاللاھتىن كۈتۈشى لازىم، بۇ ۋەقەلىك مۆمىنگە تەۋەككۇل قىلىش روھىنى ئاتا قىلىدۇ. تەۋەككۇل قىلىش ھورۇنلۇق قىلىشقا ئوخشىمايدۇ، تەۋەككۈلچىلىكتە بەدەننىڭ ئەزالىرى ھەرىكەت قىلىدۇ، قەلب بولسا

تەۋەككۇل قىلىدۇ. تەۋەككۇل قىلدىم دەپ سەۋەبنى قىلماسلىق دۆتلۈكتۇر.

### 3. مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ دەرەخنى ئىرغىتىشى

قۇرئان كەرىم ھايات ئىشلىرىدا سەۋەب قانۇنىيىتىنى قوللىنىشقا چاقىرىپ: «خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلا تۆكۈلىدۇ» دەيدۇ (مەريەم سۈرىسى 25 ـ ئايەت). كۈچلۈك ئەر كىشىمۇ ئىرغىتالمايدىغان خورما دەرىخىنى يۈلىنىپ تۇتۇۋالغان، تۇغۇت قىيىنچىلىقىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئاجىز ئايالغا ئىرغىتىشقا بۇيرۇغانلىقى سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىدۇر. ئىنسان ھەر قانچە ئاجىز بولسىمۇ، ھەر قانداق شارائىتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەۋەبنى قىلىپ، سەۋەبنى پەيدا قىلغۇچى ئاللاھقا تايىنىشقا بۇيرۇلغان. مەريەم ئەلەيھىسسالام چوڭ خورما دەرىخىنى ئىرغىتالىدىمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا،ئۇنى ئىرغىت دەپ سەۋەبنى قىلىشقا بۇيرۇماستىن، دەرەخنى ئېگىپ بەرگەن بولار ئىدى. دېمەك، ھەر نەرسىنىڭ سەۋەبى بار.

### 4. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئىشلارنىڭ سەۋەب ـ ئامالىنى قىلىشى

ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ـ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مۇقەددىمىسى بولمىسا، نەتىجىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن ـ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ مەخلۇقلارنىڭ ھايات قانۇنىيىتىنى سەۋەبنى نەتىجىگە باغلاش تۈزۈمىگە ئالاقىدار قىلغان. سەۋەبلەرمۇ ئاللاھ ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن سەۋەب بولىدۇ. ئىنسان سەۋەبنى قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ياخشىلىق ۋە مەنپەئەتلەر سەۋەبلەرنى مەقسەتلەرنىڭ يولى قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر: «ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەيىن جېڭىدە ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلىكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار، سانىڭلارنىڭ

كۆپلۈكى سىلەرگە ئەسقاتمىدى» (تەۋبە سۈرىسى 25 ـ ئايەت). بۇ ئايەتتە ئاللاھ سەۋەبلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاللاھدىن غاپىل قالغان ئادەملەرنىڭ سانى ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ھېچ نەرسە ئەمەس دەپ رەددىيە بەردى.

ۋەھىي ئارقىلىق مەدەت ۋە ياردەمگە ئېرىشىپ تۇرغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ سەۋەب ـ چارىلەرنى قىلىشتىن غاپىل قالمىغان، ساھابىلىرىنى دائىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە سەۋەب قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىشقا يۈزلەندۈرۈپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھىجرەت قىلىش سەپىرىگە قارايدىغان بولساق، بىر بۆلەك سەۋەبلەرنىڭ نەتىجىسىدىن غەلىبە قىلغان. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر تۇرۇپمۇ سەۋەب قىلىشنى تاشلاپ قويمىغان.

دېمەك، ئىلاھىي قانۇنىيەت نەتىجىنى سەۋەبلەرگە باغلاش ئاساسىدا جارى بولىدۇ، بىراق سەۋەبنىڭ ئۆزى ئۆزلۈكىدىن تەسىر بېرىش ۋە نەتىجە پەيدا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. سەۋەبنىڭ تەسىر كۈچىنى پەيدا قىلغۇچى ئاللاھدۇر، ئاللاھ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن نەتىجىلەرنى سەۋەبلەرگە باغلايدۇ. ئىنسان سەۋەبنى قىلىش ۋە كۈچ چىقىرىش ئارقىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى قانچىلىك ئورۇنلىيالىسا، ئاللاھ نەتىجىلەرنى شۇنچىلىك ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ.

ئاللاھ كائىنات ۋە ھاياتتا ئورۇنلاشتۇرغان سەۋەبلەرنى قوللىنىش توغرىسىدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمە ياسىشى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە قوللانغان سەۋەبلىرى، زۇلقەرنەيننىڭ سەۋەبلەرنى ئىشقا سېلىشى... غا ئوخشاش مىساللار قۇرئاندا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئىسلام دىنى ئاللاھ بەندىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن سەۋەبلەرنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تەۋەككۇل قىلىش ھەرگىزمۇ سەۋەب ـ چارىلەرنى قوللىنىشقا زىت كەلمەيدۇ. ھەقىقىي تەۋەككۇلچىلىك قەلب بىلەن ئەزالارنىڭ

ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرگەن ئىش ھەرىكەتتۇر. سەۋەب قىلماي تۇرۇپ، تەۋەككۇل قىلىش ئاللاھ رازى بولمايدىغان ئاجىزلىقتۇر.

# ئاللاھنىڭ سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيىتىدىن قانداق پايدىلىنىمىز؟

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردىكى ئارقىدا قېلىش، تۇرغۇنلۇق ۋە ھەزارەت ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلارنىڭ ھورۇنلۇقى، بوشاڭلىقى، ئارزۇ بىلەن كۇپايىلىنىپ قالغانلىقى، ھەزارەت يارىتىش سەۋەبلىرىنى قىلماسلىقى ۋە غەلىبە ئامىللىرىغا رىئايە قىلماسلىقىدىن كېلىپ چىققان.مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلماقچى، يۈرتىنى گۈللەندۈرمەكچى ۋە تەرەققى قىلدۇرماقچى بولسا ئاللاھ كائىناتتا ئورۇنلاشتۇرغان سەۋەب قانۇنىيەتلىرىنى قوللانسۇن. چۈنكى تەرەققىياتنىڭ ئۆلچىمى سەۋەب - چارىسىنى قىلىشتۇر. كىم ئىمان ئېيتىپ سەۋەب قىلسا دۇنيانىڭ ياخشىلىقى ۋە ئاخىرەتنىڭ گۈزەل ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. كىم ئىمان ئېيتماي سەۋەب قىلغان بولسا دۇنيانىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىدۇ، ئاخىرەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلماندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى تەڭ قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا ئالاقىدار قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش زۆرۈر دىنى مەجبۇرىيەت بولۇپ دىنىنى بىلىشنىڭ بىر قىسمىدۇر، چۈنكى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر ھاياتلىقتا گۈللىنىش ۋە ئۈنۈم قازىنىش ئۈچۈن توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دۇنيالىقنى گۈللەندۈرەلمىگەن ئىنسان ئاخىرەتلىكىنى گۈللەندۈرەلمەيدۇ، زېمىنغا ئىزباسار بولۇش شەرتى زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىپ ئىشلىرىنى تەدبىر

قىلىشى لازىم. سەۋەبمۇ ئاللاھ ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ۋە بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن. رەسۇلۇللاھ: «ئى ئىنسانلار! داۋالىنىڭلار، چۈنكى ئاللاھ ھەر قانداق بىر كېسەلنى چۈشۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ دورىسىنىمۇ بىرگە چۈشۈردى» دېگەن (تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان). شۇڭا مۇسۇلمان سەۋەب قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىققا ئېرىشكەن بولسا ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر. ھەر بىر نەرسىنى ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن تەلەپ قىلىش تەۋەككۇلچىلىك قىلغانلىقتۇر. شۇنداق بولغاندا ئىنسان تەۋھىدىنىڭ تەقەززاسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، بەلكى تەۋھىد بىلەن سەۋەب قانۇنىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشنى ئىجرا قىلغان بولىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد غەزالى: «مۇسۇلمانىنىڭ ئېڭىدا تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن سەۋەب قىلىش ئارىلىقىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ قاتارىدىن. سۇسلۇق قىلغۇچىلار تەۋەككۇل قىلدۇق دەپ ئويلاپ، سەۋەب ـ چارىسىنى قىلمايدۇ. نەتىجىدە كەمبەغەللىك، كېسەللىك، نادانلىق، ئاجىزلىق ۋە زېمىندا خار بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. ياۋروپاغا قارىساق ئۇلار ئىشلارنىڭ سەۋەب ـ چارىسىنى قىلىپ، ماددىي جەھەتتە زور مىقداردا نەتىجە ياراتقان بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ئىمان كەلتۈرمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئىككىلىنىش، ئىزتىراپ بولۇش، نېرۋا ۋە پسىخىكا كېسەللىكى، ساراڭلىق ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش..كە ئوخشاش ئەھۋاللارغا دۇچ كەلمەكتە» دەيدۇ (ئىماننىڭ ئاساسلىرى، 408 ـ بەت).

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتىن كېچىكىپ ئارقىدا قالغانلىقى ئۇلارغا چۈشكەن زۇلۇم ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇنۇتقان، قەدر ـ قىممىتىنى تونۇمىغان، بىلىم ـ مەرىپەت ۋە خىزمەت ساھەسىدە خام خىيالغا پاتقان، يېتەكچىلىك

قىلىش سەۋەبلىرىنى قىلىشتىن غاپىل قالغان، ئاللاھنىڭ سەۋەب - نەتىجىگە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلىرىگە قاراپ چىقىشتىن سەل قاراپ، شارائىت ۋە كەلگۈسىنى ئىسلاھ قىلىشنى قۇرۇق ئارزۇ ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، دەپ قارىغان قوۋمنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر: «بۇ ھالەت سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر» (ئال ئىمران سۈرىسى 182 ـ ئايەت).

پۈتۈن سەۋەبلەردىن يىراقلىشىش ھېكمەتكە زىت ۋە ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلمىگەنلىكتۇر. ئاللاھقا تايىنىپ تۇرۇپ ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش قىلىش تەۋەككۇل قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان پۈتۈن سەۋەبنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەۋەبنى ياراتقۇچى ئاللاھقا تايىنىشى لازىم.

سەۋەب ـ چارە قانۇنىيىتى كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي قانۇنىيەت، ئىنسان ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۈز بېرىدىغان مۇكاپات ياكى جازامۇ سەۋەب قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك. جەننەتكە ئېرىشىش ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش سەۋەبىگە، دوزاختا ئازابلىنىش كاپىر بولۇش ۋە گۇناھ سادىر قىلىش سەۋەبىگە چېتىشلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرت ۋە مەقسەتنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ئۈچۈن سەۋەب ـ چارىسىنى تولۇق قىلىش ۋە توسقۇنچى ئامىللاردىن ساقلىنىش لازىم. دېمەك، سەۋەب ـ چارىسىنى تولۇق قىلمىسىڭىز، شەرتلىرىنى تولۇقلىمىسىڭىز ۋە توسقۇنچى ئامىللىرىدىن ساقلانمىسىڭىز نەتىجە ھاسىل بولمايدۇ. چۈنكى سەۋەبنى ياراتقۇچى ئاللاھ نەتىجىنى سەۋەبكە باغلاپ قانۇنىيىتىنى جارى قىلدۇرغان.

سەۋەب قىلىش ئارقىلىق نەتىجىگە يېتىشتە بارلىق كىشىلەر ئوخشاش: «(ئاللاھ ۋەدە قىلغان ساۋاب)سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى

بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن(دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ. ئەر ـ ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ» (نىسا، 123 124ـ ـ ئايەت).

نەتىجىگە يېتىشتە سەۋەب قىلماسلىق گۇناھ سانىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «پايدىلىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگىن، ئاللاھدىن مەدەت تىلىگىن، ھەرگىز ئاجىز كېلىپ قالمىغىن» دېگەن (مۇسلىم رىۋايىتى). ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى قىلماسلىق ئاجىزلىق ۋە بوشاڭلىقتۇر. سەۋەب قىلماسلىق بىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئەقىل ئۈچۈن خەتەر، سەۋەبىنى قىلماسلىق ئەقىلدىكى نۇقسان ۋە شەرىئەتنى خاتا چۈشەنگەنلىكتۇر.

# ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرگە قارىتا مۇئامىلە قىلىش مېتودى

ھادىسىلەر بىلەن مۇقەددىمىلىرى ئارىسىدىكى ئالاقىلەرنى ھېس قىلىش، كىشىلىك ھاياتتىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىش مېتودىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بۇ ئىدىيەنى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىش، پىكىر قىلىش ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىش بايلىقلىرىغا ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇماتقا ئىگە بولغان بىلەن مۇئامىلە قىلىش مېتودىغا ئىگە بولغانلىقنىڭ ئارىسىدا پەرق بار. مەلۇماتقا ئىگە بولغان ئادەم بىر پارچە ئالتۇنغا ئىگە بولغانغا ئوخشايدۇ، توغرا مۇئامىلە قىلىش مېتودىغا ئىگە بولغان ئادەم ئالتۇن كانىنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

مېتودقا ئىگە بولۇش تەرتىپلىك تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقىلگە ئىگە بولۇش دېگەنلىك بولىدۇ. مېتودقا ئىگە بولمىغان ئەقىللەردە بولسا، مەلۇماتلارنىڭ توپلىشىپ قېلىشى تۈرگە ئايرىلمىغان ۋە ئىشلىتىش قوللانمىسى يوق دۆۋىلىنىپ قالغان دورىلارغا ئوخشايدۇ. ساغلام مېتودقا ئىگە ئەقىللەرگە يېڭى پىكىر ۋە يېڭى مەلۇماتلار كىرسە، ئۆز ئورنىدا ئاپتوماتىك رەتلىك تىزىلىپ، يېڭى پىكىرلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ.

كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن قارشىلاشقىلى بولمايدۇ، ئۇ قانۇنىيەتلەر يېڭىلىپ قالمايدۇ. شۇڭا ئۇ قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىش لازىم. ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى ساغلام مېتود تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلاردا خۇلاسىلىنىدۇ:

بىرىنچى: بۇ قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىش

ئىككىنچى:بۇ قانۇنىيەتلەر بىلەن سوقۇشماسلىق.

ئۈچىنچى:بۇ قانۇنىيەتلەرنى تەتبىقلاش.

تۆتىنچى: بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئۆز ـ ئارا ماسلاشتۇرۇپ پايدىلىنىش.

### *1 ـ ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىش*

چۈشىنىش بولسا ئىشلارنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى بىلىش، مەقسەتلىرى ۋە چوڭقۇرىغا يېتىش ۋە ئىللەت ـ سەۋەبلىرىنى تونۇشتۇر. چۈشىنىش قەلبىگە تەۋە ئىش ـ ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئىشلارنى ماھىيىتىدىن چۈشىنىش ئۈچۈن تەۋبە قىلىش ئارقىلىق قەلبىنى پاكلاش لازىم. كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە ھاياتتىكى قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنمەيدىغانلار ھادىسىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىگە چوڭقۇر چۆكمەيدۇ. مەسىلەن، بۇلار بېخىللىقنى بايلىقىمىزنى ئاياپ قالغانلىق دەپ ئويلاپ قالىدۇ، بەخت ـ سائادەتنى بولسا بەدەننى نەپسىي خاھىش ۋە شەھۋەتلەر بىلەن ھۇزۇرلاندۇرۇش دەپ قارايدۇ. كائىنات ۋە ھاياتتىكى ئىلاھىي قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنگەن ئادەم تەييارلىق ۋە ئىمكانىيەتلەرنىڭ ئازلىقىدىكى نۇقسانىنى تولدۇرۇۋالىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئىلاھىي قانۇنىيەتلەردىن پايدىلانغان، ھېكمەت ئورۇنلىرىنى چۈشەنگەن ۋە قىيىن شارائىتلاردا مۇشۇ چۈشەنچىلىرى بىلەن پايدىلانغان ئۈممەتلەرنىڭ خەۋەرلىرى خېلى كۆپ. مەسىلەن، تالۇتنىڭ قوشۇنى سانى ئاز بولسىمۇ، ئىمانى كۈچلۈك ئىدى. بەقەرە سۈرىسى 245 ـ 252 ـ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلىكتە تالۇتنىڭ قوشۇنى يېتەكچىنىڭ تەدبىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم تازىلىنىشقا دۇچ كەلگەن. مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغانلار مال ـ دۇنيانىڭ كۆپلۈكى يېتەكچىلىك قىلىشقا لاياقەتلىك قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاندا قۇرئان كەرىم رەددىيە

بىرىپ: «پەيغەمبىرى: ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە پادىشاھ قىلىشقا ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى» دېدى(بەقەرە سۈرىسى، 247 ـ ئايەت). بىلىم ـ مەرىپەت ۋە چۈشىنىش تالۇتتىكى ئالاھىدىلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنگەنلىكى ئېتىبارىغا ئالدىغان ئىش سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس سۈپەت بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ نۇسرىتى ئاز بولسىمۇ سۈپەتلىك بولغان مۆمىنلەرگە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلاپ باردى. ئاللاھنىڭ نۇسرىتى مۇشۇلاردەك كىشىلەرگە چۈشىدۇ، ئاللاھ كىمگە ياردەم بەرسە، ھەر قانداق بىر كۈچ ئۇنىڭدىن غالىب كېلەلمەيدۇ. مانا بۇ تالۇت غەلىبە قىلغان تەڭلىمە ۋە تارىخ بويى غەلىبە ـ نۇسرەت قانۇنىيىتىدۇر.

### *2 ـ ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر بىلەن سوقۇشماسلىق*

بەزىلەر ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى بىلمىگەنلىكى ياكى چۈشەنمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆزلىرىگە مۈشكۈل پەيدا قىلىۋالىدۇ. مەسىلەن:

(1) جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۆز ـ قاراشنىڭ تەبىئىي شەكىلدە ئوخشىماسلىقى ئارتۇقچىلىقتۇر. چۈنكى كۆز ـ قاراشنىڭ تۈرلۈك بولۇشى پىكرىي بايلىق ۋە ئۆز ـ ئارا تاكامۇللۇق تەقەززالىرىنىڭ قاتارىدىن. شۇڭا بۇ قانۇنىيەتلەر بىلەن توغرا مۇئامىلە قىلىش باشقىلارنى قوبۇل قىلىشنى ۋە كۆز ـ قاراش ئوخشىماسلىقىنىڭ يامان كۆرۈشكە ئايلىنىپ قالماسلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى بىر جەمئىيەت كىشىلىرى ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا يامان كۆرۈشۈش شەرىئىتىمىزدە چەكلەنگەن قىزىل سىزىق. بىر ـ بىرىنى يامان كۆرۈش تالاش ـ تارتىش قىلىشنىڭ ئاندىن مەغلۇب بولۇشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى. كۆز ـ قاراش ئوخشىمىغاندا سەۋر قىلىش بولسا بىر ـ بىرىنى يامان كۆرۈش، ئاندىن تالاش ـ تارتىش قىلىش ئاندىن مەغلۇب بولۇش باسقۇچىغا بېرىپ قېلىشتىن ساقلىغۇچى ئامىل.

كۆز ـ قاراش ئوخشىمىغاندا توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئىككى تۈرلۈك يولى بار. بىرى مۇكەممەللىك ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ. يەنە بىرى تالاش ـ تارتىش، مەغلۇب بولۇش ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئۈممەتنى يەپ كېتىشىگە قىزىقتۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ بىزگە كۆز ـ قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن بەزى جەڭلەردە ساھابىلەرنى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ مېتود ۋە يول كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى كۈچلۈك ئادەم بولۇپ خىزمەتكە يارايدۇ، يەنە بىرى باي ئادەم بولۇپ چىقىم قىلىشقا يارايدۇ، يەنە بىرى كەمبەغەل ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇپ ئىشقا يارايدۇ. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىدىن پايدىلىنىدىغان ئىدى.

(2) سەۋەب ـ چارە قىلىش نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ، شۇنداقلا ئومۇمىي ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ھەر بىر نەتىجە سەۋەبكە باغلىق: «كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ» (تالاق سۈرىسى 2 ـ ئايەت). كائىناتتا تاسادىپىيلىققا ئورۇن يوق، بەلكى نەتىجىگە باشلاپ بارىدىغان سەۋەبلەر بار. تاسادىپىيلىق دەپ ئاتىلىدىغان نەرسە ئەمەلىيەتتە كىشىلەر سەۋەبىنى بىلمەيۋاتقان ھادىسىدۇر. مۇسۇلمان سەۋەب قانۇنىيىتى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، قەلبى پەقەتلا سەۋەبكە باغلىنىپ قالماستىن، بەلكى نىشاننى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى لازىم.

(3) سەۋەب قىلماسلىق ياكى سەۋەبلەرگە سەل قاراشمۇ مەغلۇبىيەتكە باشلاپ بارىدۇ. ئاللاھ مۆمىننى سەۋەب ـ چارە قىلغاندىلا يۆلەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) مۇستەھكەم قىلىدۇ» (مۇھەممەد سۈرىسى 7 ـ ئايەت).

بۇ يەردە قانۇنىيەت بىلەن سوقۇشۇپ قېلىشنىڭ ئۈچ رايونى بار بولۇپ، بۇ رايونلارغا يېقىنلىشىپ قېلىشقا بولمايدۇ، بۇ رايونلارغا كىرىپ قېلىشنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك. بۇ رايونلار: «ھىيلە ـ مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ» (فاتىر سۈرىسى 43 ـ ئايەت). «ئى ئىنسانلار! بۇزۇقچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزەڭلارغا بولىدۇ» (يۇنۇس سۈرىسى 23 ـ ئايەت). «كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئەھدىنى بۇزغانلىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ» (فەتھى سۈرىسى 10 ـ ئايەت).

خاتىرجەم ياشاۋاتقانلارغا ھىيلە ـ مىكىر قىلىش، ئاجىزلارغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە كېلىشىمنامە تۈزگەنلەر بىلەن كېلىشىمنامىنى بۇزۇش ناچار ئىستىل بولۇپ، شۇ ئادەملەرنى ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ جازالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ.

ئاللاھنىڭ ھىيلە ـ مىكىر قىلغۇچىلارغا قارىتا بېكىتكەن قانۇنىيىتى شۇكى ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى پايدا بەرمەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئەقىللىق ئادەم ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىلاھىي قانۇنىيەت بىلەن سوقۇشۇپ قېلىش ساھەسىگە كىرەمدۇ؟ زۇلۇم ۋە زالىملار مەسىلىسىدە ساختا ئابروينى رازى قىلىش ياكى زالىم سۇلتاندىن قورقۇش ياكى پارىخورلۇق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن سوقۇشۇپ قالغانلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىپ، ئاللاھقا خىيانەت قىلغانلاردۇر، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ غەزىپىنى پەيدا قىلىۋالىدىغانلاردۇر.

كىشىلەر شەرىئەتتىن چەتنىگەن، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە پىسەنت قىلمايدىغان ۋە ئىسلاھاتچىلار ـ نىڭ ئاۋازلىرى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان زاماندا ئاللاھنىڭ ئومۇمىي جازالاش دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ: «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى)ئۇلارغا

تىتتتى» (رۇم سۈرىسى 41 ـ ئايەت).

نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەدرىجىي يول تۇتۇش ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدۇر، بىراق ئالدىراڭغۇلۇق ئىنساننى تەبىئىي باسقۇچلۇق يولنى قىسقارتىشقا ئۈندەيدۇ، بۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ نەسىھىتىدىن غاپىل قالماقتا. رەسۇلۇللاھ: «بۇ دىن چىڭ دىن، ئاستا ـ ئاستا ئىچكىرىلەپ كىرگىن»دېگەنىدى. ئىنسان ئۆزىگە بېسىم قىلىپ، بۇ تەدرىجىي قانۇنىيەت بىلەن سوقۇشۇپ قالسا، يولدا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ ياكى داۋاملاشتۇرالمايدۇ. ئاز بولسىمۇ داۋاملاشتۇرۇش بىراقلا كۆتۈرەلمەيدىغان كۆپ ئىشتىن ئەۋزەلدۇر.

### 3 ـ ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى تەتبىقلاش

قانۇنىيەتلەرنى ئىشلىتىشتىن مەقسەت، بۇ قانۇنىيەتنىڭ مۇقەددىمىلىرىنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق شارائىت ھازىرلاشنى كۆرسىتىدۇ.

**1) بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىش قانۇنىيىتى**

ئىسلام دىنى بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىش قانۇنىيىتىنى يولغا قويىدى، ئۇ تۈرلۈك ئېقىمدىكى كىشىلەر ئارىسىدا پىكرىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولۇپ، توقۇنۇش ئەمەس. توقۇنۇشتا بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى يېقىتىدۇ، شۇ ئارقىلىق كۆپ تەرەپلىمە بولۇش، چىقىشىپ ياشاش ۋە سۆھبەتلىشىش يوققا چىقىدۇ. بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىش قانۇنىيىتى بولسا كۆپ تەرەپلىمە بولۇش، چىقىشىپ ياشاش ۋە سۆھبەتلىشىشنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا يۈزلىنىسىنى تۈزلەپ تۇرىدىغان، تەڭپۇڭلۇق ۋە ئادالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ھەرىكەتتۇر: «ياخشى خىسلەت ئارقىلىق يامان (خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن» (فۇسسىلەت سۈرىسى 34 ـ ئايەت).

بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىش قانۇنىيىتى زورلۇقنى كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى مەجبۇرلاش ھەمكارلىقنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، بەلكى

بۇزەك قىلىش، يامان كۆرۈش ۋە مۇناپىقلىقنى پەيدا قىلىدۇ.بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىش قانۇنىيىتى ئايرىم مۇستەسنا ئەھۋال بولۇپ، باشقا يول قالمىغاندا ۋە ھەق ـ ھوقۇقلار زايە بولۇپ كېتىۋاتقاندا تايىنىلىدۇ: «ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا(يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى(يەنى خارابىلىققا يۈزلىنەتتى)،لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر» (بەقەرە 251 ـ ئايەت). بۇ ئايەت بۇزغۇنچىلىقنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ قانۇنىيەتكە ئېسىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوچۇقلاشتۇرماقتا. چۈنكى بۇزغۇنچىلىق ھەق ئىگىلىرى غاپىل قالغاندىلا تارقىلىپ كېتىدۇ.

قۇرئان: «دىن، جان، ئەقىل، ئابروي ۋە مال ـ مۈلۈك» نى مۇداپىئە قىلىش كائىنات قانۇنىيەتلىرىدىن بولغان بىر قانۇنىيەت بولۇپ، ھاياتلىقتىكى گۈللىنىش ۋە مۇقىملىق شۇ قانۇنىيەتكە تايىنىدۇ، دەپ بايان قىلماقتا. ياخشى كىشىلەر بىلەن بۇزغۇنچى كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىش قانۇنىيىتى ئارقىلىق يامانلىق ۋە زۇلۇمدىن ساقلانغىلى بولىدۇ: «ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابىلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر» (بەقەرە 251 ـ ئايەت) يەنى ئاللاھ ھەق ئىگىلىرى ئارقىلىق باتىل كىشىلەرنى، ياخشى كىشىلەر ئارقىلىق بۇزغۇنچى كىشىلەرنى ئىتتىرىپ تۇرمىغان بولسا، بۇزغۇنچى كىشىلەر غالىب

كېلىپ، ياخشى كىشىلەرگە تاجاۋۇز قىلغان بولاتتى، نەتىجىدە زېمىن ۋە ھاياتلىق ئۆلارنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئاللاھ پەزلى مەرھەمىتى ئارقىلىق زېمىندىكى ئىسلاھاتچى ھەق ئىگىلىرىنىڭ باتىل ۋە بۇزغۇنچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلدى.

بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىش قانۇنىيىتى ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ يامانلىقى يوققا چىقىدۇ. ئەگەر بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىش ۋە مۇداپىئە قىلىش بولمايدىغان بولسا بۇزغۇنچىلىق يۈز بېرىدۇ.

**2) كىرىزىس پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئىدارە قىلىش**

بۇ ئۇسۇل ئىلاھىي قانۇنىيەتنى بويسۇندۇرۇپ بېرىدىغان ئىدارە ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىدۇر: «ھەر بىر قىيىنچىلىق بىلەن بىر ئاسانچىلىق بار. ھەر بىر قىيىنچىلىق بىلەن بىر ئاسانچىلىق بار» (شەرھ سۈرىسى 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر). ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىق بىلەن ئىككى ئاسانچىلىق بار دېگەن ئىدارە قىلىشتىكى بۇ ئۇسۇل ـ چارە كىرىزىسلار بىلەن ئىجابىي ماسلىشىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان.

كىرىزىسنى ھەل قىلىش گۇرۇپپىسى كىرىزىس يۈز بەرگەندە يىغىلىپ، كىرىزىسنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئىزدەيدۇ. مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەستەن كىرىزىس پەيدا قىلىش ئۇسۇلىغا تايىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ مەككە بىلەن شام ئارىلىقىدىكى تىجارەت يولىنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىپ دەل مۇشۇ يولغا تايانغان. بۇ خىل ھالەت تىجارەتكىلا تايىنىپ ياشايدىغان قۇرەيش دۆلىتىگە ئىقتىسادىي بىسىم پەيدا قىلغان. نەتىجىدە قۇرەيش دۆلىتىنى رەسۇلۇللاھ بىلەن ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى قىلىشقا مەجبۇرلىغان. بۇ سۈلھى ئۆز نۆۋىتىدە مەككىنى ئازاد قىلىشنىڭ ئالدىنقى قەدىمى ئىدى.

## 4 ـ بەزى قانۇنىيەتلەر ئارقىلىق باشقا قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىش

بۇنىڭدىن مەقسەت بىرەر قانۇنىيەتنى توختىتىش ئۈچۈن بەزى قانۇنىيەتلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ياكى باشقا بىر قانۇنىيەتنى قوللىنىش دېگەننى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىنسان ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم پەنلەرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

**1) مەلۇم بىر قانۇنىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە يوغىناپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش**

بۇ يەردە «مۇكاپات ياكى جازا ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تۈرىگە باغلىق» دەيدىغان قانۇنىيەت بار: «(ئاللاھ ۋەدە قىلغان مۇكاپات) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ» (نىسا سۈرىسى 123 ـ ئايەت).

مەسىلەن، گۇناھ قىلغان كىشى قاچاندا بولمىسۇن ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلىشى كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم مۇشۇنداق ھالەتتە بولغان بولسا، باشقا بىر قانۇنىيەت ئارقىلىق بۇ قانۇنىيەتنى بىكار قىلىپ تاشلىيالايدۇ: «ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ» (ئەنفال سۈرىسى 33 ـ ئايەت). يەنى رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىش، كۆپ ئىستىغپار ئېيتىش، دۇئا قىلىش، ئاللاھقا يالۋۇرۇش ۋە تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ئازابنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇپ قالىدۇ. بىر ئىنسان بۇ سەۋەبلەرنى قىلسا، ئازابنىڭ كەلمەسلىكىدىن ئىبارەت نەتىجە ھاسىل بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «قازانى دۇئادىن باشقىسى توسۇپ قالالمايدۇ» دېگەنىدى (تىرمىزى رىۋايىتى).

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىدىن خاپا بولۇپ چىقىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ قوۋمى ئازابنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشتى، ئۇلار پەيغەمبەرگە قارىتا تۇتقان ھالىتىدىن پۇشايمان قىلىشتى. شۇ سەۋەبتىن ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى چوڭ بىر مەيدانغا توپلىنىپ، ئاللاھقا يالۋۇرۇپ يىغلاشتى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياردەم تەلەپ قىلغان نىداسىنى راۋا كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتتى: «(ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە) يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ ئالامىتى كۆرۈپ) ئىيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق، يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە(يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن)بەھرىمەن قىلدۇق» (يۇنۇس سۈرىسى 98 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت ئىنسانلارغا بىر قانۇنىيەتنى توختىتىش ئۈچۈن يەنە بىر قانۇنىيەتنى ئىشلىتىشنى تەلىم بەرمەكتە. مەزكۇر ئايەتنىڭ مەنىسى ئەگەر باشقا مىللەتلەر يۇنۇسنىڭ قەۋمى قىلغاندەك قىلسا، ئۇلارنى يۇنۇسنىڭ قەۋمىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغاندەك قۇتقۇزۇپ قالىمىز دېگەنلىك بولىدۇ.

پاساتچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ تارقىلىپ كېتىش قانۇنىيىتى بار: «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى» (رۇم، 41 ـ ئايەت). بۇ قانۇنىيەتكە نەزەر تاشلىساق، شەرىئەتكە قارشى ئىشلار كۆپلەپ يۈز بەرگەندە ئاپەت ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ تارقىلىپ كېتىشى ئىلاھىي قانۇنىيەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تارتىۋاتقان ئازابى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تەۋبە قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى ئۈچۈندۇر. شۇ چاغدا جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشىلەر ياخشىلىققا

ئالدىرايدۇ، خاتىرجەملىك ۋە كەڭتاشا تۇرمۇش ئەۋج ئالىدۇ. بۇ قانۇنىيەت ھەل قىلىش چارىسىنى بايان قىلىپ، گۇناھلار كۆپلەپ يۈز بەرگەندە بۇزغۇنچىلىق ئاشكارا بولىدۇ، بۇنىڭدىكى ھېكمەت كىشىلەرنىڭ توغرا يولغا قايتىشى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇلار جەمئىيەت خاراكتېرلىك تەۋبە قىلسا ۋە توغرا يولغا قايتسا، بۇ قانۇنىيەت ئەمەلدىن قالىدۇ.

شۇنداقلا بۇ قانۇنىيەتنى بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنى توسۇپ قالىدىغان، ئىتتىرىش، مۇداپىئە قىلىش قانۇنىيىتىنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىقمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ: «ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (خارابىلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر» (بەقەرە سۈرىسى 251 ـ ئايەت). زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىش تۈپەيلىدىن ئىلاھىي ئازابقا سەۋەب بولۇشنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئېگىنى قانات يايدۇرۇپ ھەل قىلغىلى بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، زالىمنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىڭلار، زالىمنى ھەقنىڭ دائىرىسىگە قىستاپ كەلتۈرۈڭلار، بولمىسا ئاللاھنىڭ ھەممىڭلارغا بىر تۇتاش كېلىدىغان ئازابىغا قالىسىلەر» دەپ زۇلۇم ۋە ھەددىدىن ئېشىشقا سۈكۈت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى). دېمەك، جەمئىيەت ۋە مىللەت خاراكتېرلىك ئورتاق ۋە ھەمكارلىق ئىچىدە ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندا بۇزۇقچىلىق، زۇلۇم ۋە ئىلاھىي ئازابنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ.

**2) سەۋەبلەرنى جانلاندۇرۇش توغرىسىدا**

بەزى ۋاقىتلارغا قارىساق، نەتىجىلەر سەۋەبلەرگە قارىغاندا

چوڭ بولدۇ. مانا بۇ بارلىق سەۋەبنى قىلغاندىن كېيىن ئاللاھقا ياخشى تەۋەككۇل قىلىشنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت. تۇغۇتنىڭ جاپاسىدىن تېخى قۇتۇلۇپ بولالمىغان مەريەم ئەلەيھىسسالام يوغان خورما دەرىخىنى ئىرغىتسا، ھۆل خورمىلار تۆكۈلۈپ چۈشكەنلىكى ئاللاھنىڭ پەزلى كارامىتىدۇر.

### 3) كىرىزىستىن ساقلىنىش توغرىسىدا

ھەزرىتى خەدىچە فەقەت ئايال ئىدى. ئالىملار رىئاللىقنى تەھلىل قىلىش ۋە كەلگۈسىگە نەزەر يۈرگۈزۈشتە ھەزرىتى خەدىچىنىڭ چۈشەنچىسىنى ئىشلەتكەن. رەسۇلۇللاھ بىرىنچى قېتىم ۋەھيي چۈشكەندە ھەزرىتى خەدىچىنىڭ قېشىغا تىترىگەن ھالدا كىرىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بېرىپ، قورقۇنچىسىنى پەسەيتىپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سىلىنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايدۇ، چۈنكى سىلىدە مېھماننى ھۆرمەتلەيدىغان، باشقىلارنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرىدىغان ۋە قىيىنچىلىقتا قېلىپ قالغانلارغا ياردەم قولىنى سۇزىدىغان گۈزەل خىسلەت بار» دېگەن. سۆز ئارقىلىق تەسەللى بېرىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ۋەرەقە ئىسىملىك تەجرىبىلىك بىر ئادەمنىڭ قېشىغا باشلاپ بارغان. ھەزرىتى خەدىچىنىڭ بۇ چۈشەنچىسى بىزگە ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلغانلارنىڭ كىرىزىسنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## قانۇنىيەتلەرنى رېئال ھاياتتا تەتبىقلاش چۈشەنچىسى

قۇرئان كەرىمنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۆزگەرمەيدىغان، ئادالەتسىزلىك قىلمايدىغان ۋە نەپسى ـ خاھىشقا مايىل بولمايدىغان مۇقىم قانۇنىيەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېسسىياتچان بولماستىن، پرىنسىپچان بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەتلەر قۇرئان كەرىمنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا تەتبىقلاش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ قانۇنىيەتلەرنى ياخشى چۈشەنگەن ۋە گۈزەل يوسۇندا تەتبىقلىغان ۋاقىتتا ئۈممەتنىڭ بارلىق كۈچىنى نىشان يۆنىلىشىگە توپلىغىلى بولىدۇ، پارچىلىنىپ كېتىش پۇرسىتىنى ئازايتىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ نۇسرىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىستىلىنى توغرا يۈزلەندۈرۈشتە ئىلاھىي قانۇنىيەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن بۇ قانۇنىيەتلەرنى رېئاللىققا تەتبىقلاش ماھارىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش تۆۋەندىكى قائىدىلەرنى تەقەززا قىلىدۇ:

**1. قۇرئان ئايەتلىرىنى مەقسەتلىرى ئاساسىدا مۇلاھىزە قىلىش**

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: «ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) ئاللاھنىڭ غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى» دەيدۇ(نىسا، 82 ـ ئايەت).قۇرئان ئىنسانلارنىڭ كۆپلىگەن تەبىئىيتىنى ئېچىپ بېرىدۇ،شۇنداقلا ئىنسان ھاياتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ ۋە سەۋەبلەر بىلەن نەتىجىلەر ئارىسىدا ئېنىق ئالاقىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئادەتتە مۇسۇلمانلارغا قانۇنىيەتنى رېئال ھاياتقا تەتبىقلاش مېتودىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بۇ قانۇنىيەتلەرنى ۋەقەلىكنىڭ ئارقىدىن بايان قىلىپ بېرىدۇ. قۇرئان كەرىم قانۇنىيەت بايان قىلغان ھەر بىر ئورۇندا قانۇنىيەتنى رېئال ھاياتقا تەتبىقلاشتا چېنىقتۇرىدۇ.

**2. تارىخنى تەتقىق قىلىش**

زېمىندا ساياھەت قىلىش، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش ۋە ۋەيران بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە پايدىلىنىش ئۈچۈن بۇ تەجرىبىلەردىن ئىبرەت ئېلىش قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇقى ۋە كۆرسەتمىسىدۇر (غاپىر سۈرىسى 21 ـ ئايەتكە قاراڭ).

**3. رېئال ھاياتنى تەتقىق قىلىش**

ئەمەلىي ھاياتتىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ سەۋەبلىرى، ھەل قىلىش چارىلىرى ۋە سەلبىي تەسىرلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن تۇسالغۇلارنى بىلىش، پۇرسەت ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى تونۇش، شۇنداقلا ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ھەممە تەرەپتىن تەتقىق قىلىش لازىم.

**4. داۋاملىق چېنىقىش**

يەنى سەۋەب ـ نەتىجە ئارىسىدىكى ئالاقىلەرنى ھېس قىلىش، چۈشىنىش ۋە كەلگۈسى كۆز ـ قاراشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھادىسىلەرنى قۇرئان روھى ئاساسىدا تەھلىل قىلىشتا داۋاملىق چېنىقىش كېرەك.

مىساللار:

(1) بىر ياش يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىش ياكى باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىش جىنايىتىنى قىلىپ سالغانلىقىنى كۆرسىڭىز، قۇرئان كەرىمنىڭ: «كىم يامانلىق قىلسا جازالىنىدۇ»

(جاسىيە سۈرىسى 15 ـ ئايەت) دېگەن قانۇنى ئاساسىدا گۇناھلارنىڭ جازانى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بىراق بۇ ئىككى تۈرلۈك جىنايەتنىڭ جازاسى، تەۋبە قىلىنمىسا تېز بولۇپ كېتىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئەجرى تېز بولغان ياخشىلىق كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۇلاشتۇر، جازاسى تېز بولغان يامانلىق باشقىلارغا چېكىدىن ئېشىش ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشتۇر» دېگەن (تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى). مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، كىم ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسا ياكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىسىنى باغلاپ تۇرسا، تېز كېلىدىغان ياخشىلىقنى كۈتسۇن.

(2) ئەگەر سىز يۈگۈرۈش ياكى سۇ ئۈزۈش ياكى مەلۇم توپ ئويناش كوماندىسىغا مەسئۇل چېنىقتۇرغۇچىنىڭ ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بىلەن پەخىرلىنىۋاتقان ـ لىقىنى ۋە قارشى تەرەپنى كۆزگە ئىلماي، ئۇنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ئاجىز دەپ قاراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسىڭىز، دەرھال كاللىڭىزغا مۇسۇلمانلارنىڭ «ھۇنەيىن» ئۇرۇشىدا سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلەنگەنلىكى كېلىشى كېرەك. ئاندىن ماددىي سەۋەب بىلەن ئالدىنىپ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان سەلبىي نەتىجىنى پەرەز قىلىشىڭىز توغرا بولىدۇ.

(3) ھازىرقى رېئاللىقنى قانۇنىيەت ئاساسىدا ئوقۇپ چىقىش لازىم، ئاللاھنىڭ بىرەر گۇرۇھقا ھوقۇق ئاتا قىلىشى سىناق بولىشى مۇمكىن: «ئۇلار: سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق دېدى. مۇسا: پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىشى، زېمىندا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش ـ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىڭلارغا مۇناسىۋەتلىكتۇر» دېدى (ئەئراف سۈرىسى 129 ـ ئايەت).

ھوقۇق ئاتا قىلىنغان چاغدىكى غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇب بولۇشنى ئۆلچەشنىڭ قۇرئان كەرىمدە ئىنچىكە ئۆلچەملىرى بار: «(ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر» (ھەج، 41 ـ ئايەت). بۇ سىناقتا ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرى نامازنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىش، باشقىلارنى نامازغا چاقىرىش، زاكات بېرىش، دىن، ئەخلاقنى ھىمايە قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيىتىدىكى پىلانلارنى جەمئىيەتتە ئورۇنلاشتۇرالىسا غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ، بۇلار پات ئارىدا ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە غەلىبە ـ نۇسرەتىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك بولىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئەگەر ئۆزگەرتىشۋە ئىسلاھات يېتەكچىلىرى بۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سەل قارىسا باشقا بىر قانۇنىيەت بۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ: «ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن ۋە كۆرسەتمىسىدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورۇنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ)» (مۇھەممەد، 38 ـ ئايەت).

## مۇكاپات ـ جازا ئىشىنىڭ تۈرىگە باغلىق

«مۇكاپات ـ جازا ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تۈرىگە باغلىقتۇر» دېگەن قانۇنىيەت ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا قارىتا دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ئادالىتىنىڭ ئەڭ چوڭ كۆرۈنۈشىدۇر. ئىلاھىي جازا ئىلاھىي ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، چۈنكى جازا گۇناھقا ئۇيغۇن كېلىدۇ، گۇناھ چوڭ بولسا ئېغىر جازا كېلىدۇ، كىچىك بولسا يەڭگىل جازا كېلىدۇ.

بۇ قانۇنىيەتنىڭ قۇرئان كەرىمدە كۆپ مىساللىرى بار. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» (زەلزەلە سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر).

«(ئاللاھ ۋەدە قىلغان مۇكاپات) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ» (نىسا سۈرىسى 123 ـ ئايەت).

«ھەددىڭلاردىن ئاشساڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ» (يۇنۇس سۈرىسى 23 ـ ئايەت).

«مېنى (تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، مېنى ياد ئەتسەڭلار مەنمۇ سىلەرنى مۇكاپات بىلەن ياد ئېتىمەن» (بەقەرە

سۈرىسى 152 ـ ئايەت).

«ماڭا بەرگەن (ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلىش) ھەققىدىكى ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان (مۇكاپات بېرىش ھەققىدىكى) ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار» (بەقەرە 40 ـ ئايەت).

رەسۇلۇللاھ: «كىم بۇ دۇنيادا بىر مۇسۇلماننىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ قويسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەت كۈنى بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىم بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياپىدۇ، كىم بىر قىيىنچىلىقى بار ئادەمنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، بىر ئادەم قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ» دېگەن(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يەنە: «كىم مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل ياكى باشلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تەسلەشتۈرۈپ جاپا سالغان بولسا، ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تەسلەشتۈرۈۋەتسىلە. كىم مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارغا كۆيۈنگەن بولسا، ئى ئاللاھ! سىلىمۇ ئۇ كىشىگە كۆيۈنسىلە» دېگەن (مۇسلىم ۋە نەسەئىي رىۋايەت قىلغان).

كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلسىڭىز، شۇ ئىشىنىڭ نەتىجىسى قەلبىڭىزدە ئەكس ئېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسىڭىز قەلبىڭىز خۇرسەنلىككە چۆمىدۇ، ئەگەر يامانلىق قىلسىڭىز قېرىندىشىڭىزنىڭ قەلبى سىقىلىشتىن ئىلگىرى سىزنىڭ قەلبىڭىز سىقىلىدۇ. بىرەر كىشىگە سالام بەرسىڭىز خۇرسەنلىكنى ھېس قىلىسىز، ئەگەر بىرەرسىگە ئەزىيەت بەرسىڭىز ئىچىڭىز سىقىلىدۇ. ئاجايىپ ئېسىل مەنزىرىنى ئۆزىڭىز يالغۇز كۆرگەن بىلەن

دوستلىرىڭىز بىلەن بىللە كۆرگىنىڭىز ئارىسىدا زور پەرق بار. چۈنكى خۇرسەنلىك باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئارقىلىق تېخىمۇ تولۇقلىنىدۇ.

**يامانلىق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ زىيىنىغا قىلىسىز**

بەزىلەر باشقىلارنىڭ يۈزىنى تۆكۈۋېتىش ئۈچۈن تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلار بۇ خىل ئەزىيەتكە كۆپ دۇچ كېلىدۇ. بەزىلەر تەنقىد قىلسا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، نەرسىلەرگە دائىم قارا كۆزئەينەك بىلەن قارايدۇ. بۇلارنىڭ بىرەرسىنى كۆرسەم ئىچ ئاغرىتىمەن، چۈنكى بۇ كىشى ئۆزىنىڭ قايغۇسىنى ئۆزى ياساپ چىقىدۇ ۋە قەلبىگە غەم ـ قايغۇ سۆرەپ كېلىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىدە خۇرسەنلىك بولمىسا، باشقىلارنىڭ قەلبىگە خۇرسەنلىك كىرگۈزەلمەيدۇ. باشقىلارغا ئەزىيەت بەرگەن كىشى ئۆزىگە ئەزىيەت بەرمەي تۇرۇپ باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىشى قىيىن بولىدۇ. دېمەك، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەسىرى ئىنسانغا دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە قايتىدۇ.

## ئىلاھىي ياردەم تەييارلىقتا قارىتا بولىدۇ

ئاللاھ: «بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئاخىرەتتە جەھەننەم بىلەن جازالايمىز. جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلىي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى پەرق ئەلۋەتتە چوڭدۇر ۋە ئۈستۈنلۈك جەھەتتىكى پەرق زىيادە چوڭدۇر» دەيدۇ (ئىسرا سۈرىسى 18 ـ 21 ـ ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەر بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دۇنيا ھاياتىنى تاللىشىنىڭ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا. ئىنساننىڭ بۇ ئىرادىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىنساننىڭ ئىرادىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ، ئىرادىسىز قىل تەۋرىمەس. ئىرادە قىلىش بىر ئىش بولسا، بۇيرۇش ياكى توسۇش باشقا بىر ئىشتۇر.

يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، بۇلار ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئاخىرەتنىڭ مۇياكاتىنى ئىرادە قىلىدۇ. نىيەت ياخشى

بولمىسا، قىلغان ئىش ـ ھەرىكىتىدىن پايدىلىنالمايدۇ. چۈنكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن مەقسەت ئاللاھنى تونۇش ۋە ياخشى كۆرۈش ئارقىلىق قەلبىنى نۇرلاندۇرۇشتۇر. قەلبىنىڭ يورۇشى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىمىگەن كىشىگە ھاسىل بولمايدۇ.

بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئەمەلىي مىسالى:

ئاللاھ: «ھەر بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ» دەيدۇ (رەئد سۈرىسى 11 ـ ئايەت). بىر ھالەتنى ياخشىدىن تېخىمۇ ياخشىغا ياكى ياخشىدىن يامانغا ياكى ياماندىن ياخشىغا ئۆزگەرتىش ئىنساننىڭ ئۆزىدىن باشلىنىپ ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ: پەيدا قىلىش ۋە نىيەت باغلاش باسقۇچى بولۇپ، دەستۇرى: «ئىش ـ ھەرىكەت نىيەتكە باغلىق» (بۇخارى رىۋايىتى).

ئىككىنچى باسقۇچ: تەييارلىق قىلىش ۋە ئىرادە باغلاش باسقۇچى بولۇپ، دەستۇرى: «ئەگەر چىقىشنى ئىرادە قىلغان بولسا، تەييارلىق قىلغان بولاتتى» (تەۋبە سۈرىسى 46 ـ ئايەت)

مەسىلەن، ناماز بامداتقا ئويغىنىشنى نىيەت قىلغان، شۇنىڭ سەۋەبلىرىنى قىلىپ تەييارلىق قىلغان، بالدۇر ئۇخلىغان ۋە ئويغىتىش سىگنالىنى توغۇرلىغان ئادەم بىلەن سەۋەبلىرىنى قىلماي ئويغىنىشنى ئارزۇ قىلغان ئادەم ئارىلىقىدا پەرق بار.

ئۈچىنچى باسقۇچ: بۇ باسقۇچنىڭ دەستۇرى: «ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر چۈشۈردى، يامغۇر سۈيى جىلغىلاردا لىقمۇلىق ئاقتى» (رەئد سۈرىسى 17 ـ ئايەت). يامغۇر چۈشكەندە زېمىندا چېلەك بولسا، ھەر بىر چېلەك ھەجمىگە قارىتا يامغۇر سۈيىنى قوبۇل قىلالايدۇ. شۇنىڭدەك بۇ باسقۇچتا بەرىكەتلەر چۈشىدۇ، ئارزۇلار ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ ياخشىلىقلىرى بەندىلەرنىڭ تەييارلىقىغا قارىتا

تۆكۈلىدۇ، جازالىرىمۇ بەندىلەرنىڭ يامان ئىرادىلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا بولىدۇ.

ئاللاھ: «سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلار» دەيدۇ (ھەشرى، 19 ـ ئايەت).

رەسۇلۇللاھ: «قازى زۇلۇم قىلمىسا ئاللاھ قازى بىلەن بىرگە، ئەگەر قازى زۇلۇم قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۇنى شەيتان ئەگىشىپ كېتىدۇ» دېگەن (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

بۇ قانۇنىيەت نىشان ۋە غايىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىرادىنىڭ كۈچىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىرادە ۋە ئىقتىدارغا مۇھتاج ئىكەنلىكى ئېنىق مەسىلە، بىراق ئىرادە ئىقتىداردىن بەكرەك مۇھىم. ئىرادە تېپىلغاندا ئىقتىدارنىڭ تېپىلىشى ۋاقىت مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

ئىرادىنى كۈچلەندۈرۈش تۈرتكە ۋە قىزىقتۇرغۇچى ئامىلدىن شەكىللىنىدۇ. قىزىقتۇرغۇچى ئامىل ماددىي مەنپەئەت ياكى بەسلىشىش ياكى يۇقىرى ھىممەتتىن بار ئادەمگە ھەمرا بولغانلىقتىن كېلىدىغان سىرتقى نەرسە. تۈرتكە بولسا ئىماننىڭ كۈچىيىشى، ئاللاھدىن مەدەت تىلەش، ئۈستۈنلۈكنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن نەپسى بىلەن كۆرەش قىلىش، نەپسىنى پاك تۇتۇش، مەسچىتكە كۆپ قەدەم بېسىش، نامازنى مەسچىتتە ئوقۇش، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئۇيقۇنى ئازايتىش... قاتارلىق قولغا كېلىدۇ.

## بايلار ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ تالاش -تارتىش قىلىشىدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى

بۇ يەردە مال ئىگىلىرىدىن مەقسەت ھالال -ھارام، پەزىلەت -رەزىللىك، ھەق ۋە باتىلغا پەرۋا قىلماستىن مال -دۇنيانى ئاساسلىق غايە ۋە نىشان قىلىۋالغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بولمىسا مال -دۇنيا ھاياتنىڭ تومۇرى. ھالالدىن كەلگەن مال -دۇنيا ياخشى ئادەمنىڭ قولىدا تۇرسا نېمىدېگەن ياخشى نېمەت ھە!.

مال -دۇنيا ئىگىلىرى يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بايلار زامانلار بويى ئىسلاھاتچىلار بىلەن تالاش -تارتىش قىلىپ كەلگەن. چۈنكى بايلارنىڭ بايلىقى ئىقتىساد تۈزۈمگە بويسۇنماسلىق ۋە ھالال -ھارامغا دىققەت قىلماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ، ئۇلار كۆپلىگەن پۇل تېپىش ئۇسۇللىرىداچەكلىمىگە بويسۇنمايدۇ.

قۇرئاندا بىر قانچە ئورۇندا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمىنىڭ جىڭ -كەمچەننى كېمەيتىپ پۇل تېپىش ۋەقەلىكى بىلەن قارۇننىڭ ۋەقەلىكى بايان قىلىنغان... ھالال -ھارامنى ئايرىمايدىغان بايلار بىلەن ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئارىسىدىكى تالاش -تارتىش كۈرىشىدىكى قانۇنىيەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىش مۇمكىن.

### *1 - ئايەت تەسۋىرلەپ بەرگەندەك ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى*

مال -دۇنيانى ۋاستە ئەمەس غايە، ئىنسانلارنى خۇرسەن قىلىش ۋە يۇرتلارنى تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ چارىسى ئەمەس، نىشان قىلىۋالغان كىشىلەر ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندا ئۆزگەرمەيدىغان

بىر قانچە ساھەتلەرگە ئىگە بولىدۇ:

**(1) زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش**

ئۇلار مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن يۇرتلارنى خاراب قىلىدۇ، ئىنسانلارنى قۇل قىلىدۇ، ئىقتىسادنىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىسىنى ئېگىز - پەس قىلىۋېتىدۇ. پەيغەمبەر ۋە ئىسلاھاتچىلار بۇ تۈردىكى قىلمىشلاردىن توسىدۇ: «ئۆلچەم ۋە تارازىنى توغرىلاڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ زېمىننى تۈزىگەندىن كېيىن، زېمىندا گۇناھلار قىلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئەنە شۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» (ئەئراف سۈرىسى 85 - ئايەت).

ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلار ئىسلاھاتچىلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆھمەت قىلىدۇ. مانا پاساتچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئۈچ تۈرلۈك نامايەندىلىرى بولغان قارۇن، ھامان ۋە پىرئەۋن ئوخشاش تىل بىلەن: «پىرئەۋن ئېيتتى: «مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا (ئۆزىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن، مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى زېمىندا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قورقىمەن» دېگەن (غاپىر سۈرىسى 26 - ئايەت).

**(2) كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كېمەيتىۋېتىدۇ**

بۇ ئىقتىساد ئىگىلىرى كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كېمەيتىۋېتىدۇ، چۈنكى بۇلارنىڭ ئۆلچىمى بىنورمال، تارازىسى ئۆلچەمسىز، نەرسىلەر ۋە شەخسلەرگە قارىتا كۆز - قارشى تەبىئىي ئەمەس: «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىماڭلار» (ھۇد، 85 - ئايەت).

بۇلار مال ـ دۇنياغا بولغان كۆز ـ قارىشىدىن شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ دەۋىتىنى توغرا كۆرمىدى: «ئۇلار: ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ دېيىشتى» (ھۇد، 87 ـ ئايەت).

**(3) ئەگرىلىكنى ئىزدەيدۇ**

بۇلار ئىسلاھاتنى خالىمايدۇ ۋە ياخشىلىنىشنىمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ، كىشىلەرنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىنى خالىمايدۇ. بەلكى كىشىلەرنىڭ ئەگرى، تەرتىپسىز ياشىشىغا ھەرىكەت قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغىلى بولىدىغان مۇشۇنداق مۇھىتتا ياشايدۇ. باشقىلارنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش خاتا يولغا باشلاشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يولىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى توسۇپ: «سىلەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارنى قورقۇتقان، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇلارنىڭ يولىنىڭ ئەگرىلىكىنى تىلىگەن ھالدا يوللاردا ئولتۇرماڭلار، ئەسلىدە سىلەر ئاز ئىدىڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ياد ئېتىڭلار، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار» (ئەئراف سۈرىسى 86 ـ ئايەت). دېمەك، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئىزىپ كېتىشى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى كىشىلەر ئىزدەۋاتقان يولنىڭمۇ خاتا بولىشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ.

**(4) ئۇلارنىڭ نەرسىلەر ۋە كىشىلەرگە قارىتا ئۆلچىمى**

بۇ خىل تۈردىكى ئىقتىساد ئىگىلىرى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى باھا ۋە پۇل ئېتىبارى بويىچە كۆرىدۇ. ھۈنىرى بولارنىڭ

پىسخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. قۇرئان بۇلارنىڭ كۆز ـ قارشىنى تەنقىد قىلغان: «قەۋمىنىڭ ئاقساقاللىرى: ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئەگەشسەڭلار، چوقۇم زىيان تارتىسىلەر» دېدى (ئەئراف سۈرىسى 90 ـ ئايەت).

قۇرئان ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ قىممىتىگە بولغان چۈشەنچىسىگە رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنى زىيان تارتقۇچىلار ۋە ھالاك بولغۇچىلار دەپ سۈپەتلىگەن: «شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار (ئاللاھنىڭ ھالاك قىلىشى بىلەن) گويا بۇ يەردە تۇرمىغاندەك (يەنى ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى، شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى» (ئەئراف سۈرىسى 92 ـ ئايەت).

بۇلار ھۆرمەتنى پەقەت ئىقتىساد ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ، شەرىپىمىز پۇلنىڭ كۈچى ئارقىلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئاچكۆزلۈكى تويمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىقتىسادنى بىردىن ـ بىر ئارزۇ دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى ھەر قانچە چوڭ بولسىمۇ تۆۋەن كۆرىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتقا قارىتا كۆز ـ قارشى، نەرسىلەر ۋە كىشىلەرگە بولغان باھاسىدۇر.

**(5) زېمىندا يوغانچىلىق قىلىش**

ئۇلار باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىدۇ، باشقىلارنى ياراتمايدۇ. چۈنكى بۇلار ئۆزىنىڭ كۆز ـ قارشىدا باشقىلار ئىگە بولالمىغان نەرسىگە ئىگە بولغانلار، بۇلار ئىنساننىڭ قىممىتىنى ئىقتىساد ئارقىلىق ئۆلچەيدۇ: «شۇئەيبنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇئەيب: «بىز بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يامان كۆرىدىغان تۇرساق بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر» دېدى (ئەئراف سۈرىسى 88 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىم مەنپەئەتى بىرلىشىپ كەتكەن، چېكىدىن ئاشقان قارۇن، پىرئەۋن ۋە هاماندىن ئىبارەت ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ هەققىدە: «مۇسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئۇلار زېمىندا چوڭچىلىق قىلدى، ئۇلار ئازابىمىزدىن قېچىپ كېتەلمىدى» دېگەن (ئەنكەبۇت سۈرىسى 39 ـ ئايەت).

## *2 ـ ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ ئىسلاھاتچىلارغا بولغان پوزىتسىيىسى*

دەۋرلەر مابەينىدە ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ ئىسلاھاتچىلارغا تۇتقان پوزىتسىيىنى ۋاقىت ۋە هايات رېئاللىقى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بەرمەكتە.

**(1) ئىسلاھاتچىلارنى يۇرتلىرىدىن چىقىرىۋېتىش ياكى ئۇلارنى دىنىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش**

قۇرئان كەرىم شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىكىدە بۇ نۇقتىنى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان: «شۇئەيبنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن هەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇئەيب: «بىز بۇنىڭ هەر ئىككىلىسىنى يامان كۆرىدىغان تۇرساق بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر» دېگەن (ئەئراف سۈرىسى 88 ـ ئايەت). مانا بۇ ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ هەر زامان ۋە هەر ماكاندىكى پوزىتسىيىسىدۇر.

**(2) دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلىش**

ئايەتلەرگە تەكشۈرۈش نەزىرى بىلەن قارىغان كىشى ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتچىلارنىڭ دەۋىتى ۋە ۋەزىپىسىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇلار يولدا تۇرۇۋېلىپ، ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرگە ئىسلاھاتچىلارنى يامان كۆرسىتىدۇ. (ئەئراف سۈرىسى 86 ـ ئايەتكە قاراڭ).

**(3) ئىسلاھاتچىلارنى مەسخىرە قىلىدۇ**

ئۇلارنىڭ يۈزىنى تۆكۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىقتىساد ئىگىلىرى ئىسلاھاتچىلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ: «ئۇلار: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز، سېنىڭ قەۋم قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق، سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن» دېدى» (ھۇد سۈرىسى 91 ـ ئايەت).

ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى سېھىرگەر دەپ سۆپەتلىگەن ئەمەسمۇ؟ بۇلار بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئىسلاھاتچى ۋە دەۋەتچىلەرنى ئارقىدا قالغانلار ۋە قاتماللار، ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرماقچى، مىللەتنى كەينىگە چېكىندۈرمەكچى، بۇلارغا ئارىلىشىپ قالساڭلار ئىككى پۇتۇڭلار بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ...دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن خەلقلەرنى ئۇلاردىن قاچۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

## *3 ـ ئاللاھنىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا قانۇنىيىتى*

ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى پەيغەمبەرلەر، دەۋەتچىلەر ۋە ئىسلاھاتچىلار بىلەن قارشىلاشقان، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان، پەيغەمبەر ۋە دەۋەتچىلەرنى مەسخىرە قىلغان، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى كېمەيتىپ قويغان، زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلغانلارنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت بىر تەرتىپتە داۋاملىشىپ كەلدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاگاھلاندۇردى، ئۇلارنىڭ كاپىرلىق قىلىپ، ناھەقچىلىقتا قارشىلاشقىنىنىڭ نەتىجىسىنى ياخشى ئەمەس دەپ نەسىھەت قىلدى، ئۇلارنى بۇرۇنقىلارنىڭ ھالىدىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىردى: «بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ

ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراڭلار» (ئەئراف سۈرىسى 86 ـ ئايەت).

ئۇلار ھەقنى ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت پايدا قىلمىدى، شۇ چاغدا ئاللاھنىڭ كېچىكمەس قانۇنىيىتى ئۇلارغا تەتبىقلاندى، مۆمىنلەر نەتىجە قازاندى. ئىمان ئېيتماي، دەۋەتكە قارشى تۇرغانلار ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچراپ ھالاك بولۇشتى.

قارۇن مال ـ دۇنياسىغا تايىنىپ پەيغەمبەرلەر، دەۋەتچىلەر ۋە ئىسلاھاتچىلارغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يەر يۇتۇپ كەتتى. مال ـ دۇنيانى ئاللاھ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە ياخشى كۆرمىگەن كىشىگە بېرىدۇ، ئاخىرەتنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىگىلا بېرىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئادالەتسىزلىك قىلمايدىغان قانۇنىيىتىدۇر: «ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى» (ئەنكەبۇت 40 ـ ئايەت).

# بەسلىشىش ۋە رىقابەتلىشىش قانۇنىيىتى

كائىنات كۆرۈلىدىغان كىتاب، قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلىنىدىغان كىتاب، قۇرئان كەرىم بايان قىلغىنىنى كائىنات ۋە رېئاللىق قوللايدۇ. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزى، كائىنات ئاللاھنىڭ سانائىتى، ئاللاھنىڭ سۆزى ھەرگىزمۇ سانائىتىگە زىت كەلمەيدۇ.

ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. كائىنات قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئىلاھىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ باغلىنىش ئالاقىسى بار.

بەسلىشىش ۋە رىقابەتلىشىش ئاللاھنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىيىتى. ئىنسان يەككە شەكىلدە ياخشىلىق ۋە يامانلىق تۈيغۇلىرى ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىش ۋە رىقابەتلىشىش دائىرىسىدىن خالىي بولالمايدۇ. بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىش ۋە رىقابەتلىشىش تەرەققىيات، پائالىيەتچانلىق يولى ۋە ھاياتلىقنىڭ نامايەندىسى.

بۇ قانۇنىيەت قۇرئان كەرىمدە ئىككى ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان: «ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابىلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر» (بەقەرە سۈرىسى 251 ـ ئايەت). بۇ ئايەت تالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە بوزەك قىلىنغانلارنىڭ ئۆز زېمىنىغا قايتالىغانلىقىغا ئىلاۋە سۈپىتىدە كەلگەن.

بۇ قانۇنىيەتنى بىلمەسلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھەزارەت جەھەتتىن يىقىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبدۇر،چۈنكى بۇ قانۇنىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرمەسلىك زېمىندا پاساتچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈش جەمئىيەتنى بۇزغۇنچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلاردىن تازىلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇزغۇنچىلىق تارقىلىپ كەتسە ئىبادەت ئورۇنلىرىدىن تارتىپ ھېچقانداق ئورۇننى چالا قويمايدۇ.

كۈچلۈكلەر شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇشتا ئاجىزلارنىڭ زېمىنغا كىرىلىپ يۈرسە، بۇ ھەق ئىگىلىرىنىڭ نەزىرىدە غەزەپ پەيدا قىلىدۇ، نەتىجىدە ئىتتىرىش ۋە قارشى تۇرۇش ھالىتى شەكىللىنىدۇ. ئاجىزلار ئەزىيەتكە ئۇچراشتىن ئەنسىرەپ سەۋر قىلىشنى ۋاستە قىلىۋالاتتى، بىراق مەزلۇملارنىڭ سانى كۆپەيگەنچە، ئۇلار ئۆز -ئارا ھەمكارلىشىپ ياردەملىشىدۇ. تاقابىل تۇرۇش ۋە بىر بىرىنى ئىتتىرىش قانۇنىيىتى ھەق ئىگىلىرى بىلەن ناھەق ئىش قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ.

تەبىئىيتى ناچار ئىنسان باشقىلارغا زىيان يەتكۈزسە پەسەنت قىلمايدۇ، بۇزغۇنچىلار ئۆز مەنپەئەتلىرىنى توسالغۇسىز قولغا كەلتۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالسا، بۇ قىلمىشلىرىنى تەكرارلايدۇ ۋە ئورۇنسىز شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇشنى ئىزدەۋاتقان بۇزغۇنچىلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇزغۇنچىلىق جەمئىيەتتە تاراپ كېتىدۇ. بىر -بىرىنى ئىتتىرىش، تاقابىل تۇرۇش، بەسلىشىش ۋە رىقابەتلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئىنسانلار دۇنياسىدا يۈز بەرگەن بىر -بىرىنى ئىتتىرىش قانۇنىيىتىدىن بارلىق مەخلۇقلار بەھرىمەن بولىدۇ.

ئاللاھ ھەق ئىگىلىرىگە مۇمكىن بولغان بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، باتىل ئېقىمدىكىلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان. مەسىلەن، سۆز ئارقىلىق كۆرەش قىلىش، سىياسى

كۆرەش قىلىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ئامال تاپالمىغاندا ئۆرۈش قىلىش...قا ئوخشاش.

بۇزغۇنچىلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ھەق ئىگىلىرىگە قارشى تۇرۇشى، ھوقۇقلىرى ۋە ھارام ماللىرىنى ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىشى تەبىئىي. بەزىبىر جىنايەتچىلەر بەزى ۋاقىتلاردا ياخشى كىشىلەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، بەزى بىر ياخشى ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ خەلقنى ئالداش ئۈچۈن قىلىپ قويغان ياخشى ئىشلىرىغا پارىخورلۇق، خىيانەت قىلىش ۋە سەل قاراش دېگەندەك بۇزغۇنچىلىق ۋە پاساتچىلىق ئارىلىشىپ غايىسىدىن بۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا بۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

**ئىسلام ئۈممىتى بۇ قانۇنىيەتنىڭ روھى ئاساسىدا قانداق ھەرىكەت قىلىدۇ؟**

ئىسلام ئۈممىتى بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ باتىل ئېقىمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىش ھالىتىدە ياشىماقتا. ئۈممەت روھىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئاتلىنىشنىڭ پەيدا بولىشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بۇ مەزمۇننى ئوچۇق بايان قىلماقتا: «ئۇلار قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ» (بەقەرە، 217 ـ ئايەت). مۇسۇلمانلار بۈگۈن ئىچكى نۇقتىدىن دۈشمەننىڭ چوماقچىلىرى ۋە سىرتقى جەھەتتىن دۈشمەنلەر بىلەن كۆرەش ئىچىدە ياشىماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى ئىسلام ئۈممىتى باشقىلارنىڭ ئاداۋىتىگە دۇچ كەلمەكتە، چۈنكى مۇسۇلمانلار بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى مىراس ئالغانلاردۇر، شۇنداقلا «جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە روھىيىتى» جەھەتتىن ھەر قانداق بىر ئىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتقان ئۈممەتتۇر.

## بۇ قانۇنىيەت بىلەن ئۈممەتنىڭ ئېگىنى روھلاندۇرۇش

1. رەسۇلۇللاھ: «باشقا مىللەتلەر خۇددى داستىخاندىكىلەر ئۆز ـ ئارا ئالىسىلا، باقسىلا دېگەندەك سىلەرگە قارشى ئىتتىپاقلىشىشى مۇمكىن» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ـ نىڭ سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن شۇنداق بولامدۇ؟» دەپ سورىغان. رەسۇلۇللاھ جاۋاب بېرىپ: «ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇ كۈندە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ بولىدۇ، بىراق لەشكە ئوخشاش روھسىز بولۇپ قالىسىلەر. ئاللاھ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەردىن ئەيمىنىشىنى ئېلىپ تاشلاپ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ئاجىزلىقنى سېلىپ قويىدۇ؟» دېگەن. ساھابىلەر: «قايسى تۈردىكى ئاجىزلىق؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش ۋە ئۆلۈمدىن قورقۇش»دەپ جاۋاب بەرگەن (ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، ئاخىرەتنى ئۇنۇتۇپ ياكى دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرۈپ، دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ يولىدا بەدەل تۆلەشتىن قېچىش بارلىق ئاپەتلەرنىڭ باشلىنىش سەۋەبىدۇر.

2. بارلىق مۇسۇلمانلاردا ئىماننى تەرەققى قىلدۇرۇش. چۈنكى ئىمان ئىنساننى ئۈممەتنىڭ مەسىلىلىرى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئىچكى ئىتتىرگۈچى كۈچتۇر. بۇ كۈچ ئارقىلىق رىقابەت ۋە خىرىسلار ئىش ـ ھەرىكەت قىلىشقا ئىتتىرىدىغان ئامىللارغا ئۆزگىرىدۇ.

3. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش ئۇقۇمىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈش.

4. مۇداپىئەلىنىش ئۇسۇللىرىنى بىلىش. ئىدىيە، تەشۋىقات ۋە ئىقتىساد ئۇسۇللىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مەدەنىيەت جەھەتتىن تاقابىل تۇرۇش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. مۇسۇلمان بۈگۈنكى كۈنلۈكتە يۇقىرىقى بۇ كىرىزىسلارنى ھېس قىلىشى لازىم، تەسلىم

بولسىلا باشقىلار يۇتۇپ كېتىدۇ.

باشقىلار ئىدىيە كۈرىشى دائىرىسىدە توقۇنۇشتىن خالىي دۇنيا شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن راۋاجلاندۇرۇۋاتقان دىنلار بىرلىكى، ئىنسانىي مەدەنىيەت بىرلىكى...دېگەندەك يالغانچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇش كېرەك.

5. ئىسلامنىڭ شەرىپى، ھەزارىتى ۋە ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇشى ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ئىنتىرىش ۋە تاقابىل تۇرۇش قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىش لازىم. بۇگۈنكى ئاساسلىق كۈرەش ئىدىيە ۋە ھەزارەت كۈرىشىدۇر.

# ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتى

ئاللاھ ئىنساننى ئەقىل بىلەن ئالاھىدە قىلىپ ياراتتى، ئۆزگەرتىشنى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مۇناسىۋەتلىك قىلدى ۋە ئىنساننى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ تۈگۈنى ۋە ۋاستىسى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۆزگەرتىش مېتودلىرى ئىنساننىڭ ئىقتىدارى، ئىمكانىيەتلىرىنى قېزىپ چىقىرىش ۋە ئىنساننىڭ كائىنات، ھايات بىلەن ماسلىشىپ ياشىشىغا پۇرسەت ھازىرلاپ بېرىش مىقدارى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ئاللاھ ئىنسانغا مەدەنىيەت يارىتىش، ھاياتنى گۈللەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلەپ، ئىنسانغا ئاجايىب يۇقىرى رول بەردى، تاللاش ئەركىنلىكىنى ئاتا قىلدى ۋە شۇ ئاساستا مۇكاپات - جازا بەلگىلىدى. ئاللاھ ئىنساننىڭ ھالىنى ئۆزگەرتىشنى ئىنساننىڭ ئىرادىسى، ھەرىكىتى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشكە باغلىدى. ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ ئىنساننىڭ ئىچىدىن باشلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولىدىغانلىقى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدۇر: «ھەر بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇنىڭ ھالىدىن ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ» (رەئد سۈرىسى 11 - ئايەت).

«بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (ئەنفال سۈرىسى 53 - ئايەت).

ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئىرادىسى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىستىلىغا باغلىق بولىدۇ، ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. يەنى توغرا يولنى تاللاپ جەننەتكە كىرىش ياكى خاتا يولنى تاللاپ دوزاخقا كىرىش ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە ئىستىلىغا باغلىقتۇر.

ھەممىدىن قۇدرەتلىك ۋە ھەممىگە قادىر بولغان ئاللاھنىڭ قۇدرەت تەسىرىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈۋاتىسىلەر، بۇ زات سىلەردىكى كەمبەغەللىك، مۇسىبەت، خورلۇق ۋە ئاجىزلىقنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزگەرتىشكە قادىر. بۇ ئىش ئاللاھقا شۇنچە ئاسان بولسىمۇ، ئاللاھ بۇ ئىشقا سىلەرنىڭ ئىشنى باشتا باشلىشىڭلارنى شەرت قىلىدۇ. يەنى سىلەر ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە ئىگە بولساڭلارمۇ، ئاللاھ ياردەم بەرمىسە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانچە سەۋەبنى قولغا كەلتۈرسەڭلارمۇ قەلبىڭلار ئاللاھقا باغلانسۇن دېمەكچى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىغا قارىساق، رەسۇلۇللاھ مەدەنىيەت قۇرۇپ چىقىشتا قولايلىق بولغان بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشقا چاقىرغان، ھەر قانداق بىر ئەھۋالدا پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى تاشلاپ قويمىغان ۋە قىيىنچىلىقنى يېڭىشتە تۈرلۈك ئازابنى كۆتۈرگەن: «ئىش ـ ھەرىكەت قىلىڭلار، ھەممە ئىش نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، شۇ ئىش ئاسان بولىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنىيەتلەرنى كۈتۈپ تۇرماي، نورمال جارى بولۇپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتلەر يولىنى تۇتۇپ ماڭغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى دەسلەپتە ئىنساندىن، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ۋە ئىدىيە ساھەسىدىن باشلىنىشى كېرەك. ئەپسۇسكى بۈگۈنكى ئۆزگەرتىش مېتودلىرى پىكرىي ئالەمنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى، ماددى ئالەمگە مەركەزلىشىۋالدى. ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ئىنساننى ھاياتتىكى ئۆزگەرتىشنى پەيدا

قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دەپ مۇقەررەرلەشتۈردى. ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتى ئىجتىمائىي قانۇنىيەت بولۇپ، مىللەت ۋە ئۇممەت خاراكتېرلىك بولمىسا، ئۇنىۋم بەرمەيدۇ. چۈنكى ئايەت ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرتىشنى قەۋم (مىللەت) گە باغلىماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مەسئۇلىيىتىنى كوللېكتىپ شەكىلدە بەلگىلىگەن، شۇنداقلا يىقىلىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش مەسئۇلىيىتىنىمۇ مىللەت خاراكتېرلىك قىلىپ بەلگىلىگەن.

ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى گەرچە ھەر ـ بىر ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن باشلىنىدىغان بولسىمۇ، ئاخىرقى باسقۇچتىكى نەتىجىسى تەرەققىي قىلىش، قىممەت ـ قاراشلىرىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە جەمئىيەتنى شەرىئەت بىلەن تۈزەشنى ئارزۇ قىلغان بىر مىللەت بولۇش سانىلىدۇ.

ئىدىيە (كۆز ـ قاراش) ياكى ئىدىيە قۇرۇلمىسىنىڭ ساغلام بولىشى ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ قۇرئان ئارقىلىق كۈرەش قىلىشنى ۋە ئىدىيە قۇرۇلمىسىنى قۇرۇپ چىقىشنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بۈيۈك كۈرەش دەپ ئېتىبارغا ئالغان. نەمۇنە خاراكتېرلىك ئىسلام ئۆزگىرىش ھەرىكىتىمۇ قۇرئاننىڭ كۆز ـ قارىشى ئاساسىدا قولغا كەلگەن: «ئۇلارغا قارشى قۇرئان بىلەن كاتتا كۈرەش قىلغىن» (فۇرقان 52 ـ ئايەت).

## ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتا باشلىنىش نۇقتىسى دائىم قىيىن بولىدۇ

ئاللاھ: «سەندىن ئىلگىرى ئۈممەتلەرگە (نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتتۇق (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). ئۇلارنى ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ يېلىنسۇن دەپ نامراتلىق ۋە ئاغرىق ـ سىلاق بىلەن جازالىدۇق» دەيدۇ (ئەنئام سۈرىسى 42 ـ ئايەت).

بۇ يۇقىرىقى قانۇنغا تەۋە يەنە بىر قانۇن بولۇپ، قايسى بىر

ئويغىنىش خاراكتېرىدىكى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىمان، ئىستىل ۋە ھەزارەتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بولىدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرمەكتە. بۇ ئويغىنىش ھەرىكىتىدە دائىم دېگۈدەك ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە ئىجتىمائىي مۇشكۈللەر بىرگە ھەمرا بولۇپ ماڭىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى كىشىلەرنىڭ قەلبىنىڭ يۇمشىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى نېمەتنىڭ كۆپەيگىنى ئىنساننى ھەددىدىن ئېشىشقا ئېلىپ بارىدۇ: «ئىنسان ئۆزىدە بىھاجەت بولغانلىقىنى كۆرگەندە ھەددىدىن ئاشىدۇ» (ئەلەق سۈرىسى 6 ـ 7 ـ ئايەت).

دېمەك، سىناقلار ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھقا بولغان ئاجىزلىقى ۋە ئېھتىياجىنى ئەسلىتىدۇ، ئاللاھنىڭ مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋېتىشى ئۈچۈن يالۋۇرۇش ۋە سېغىنىشقا ئۈندەيدۇ. شۇنداقلا خاپىلىقلار مىللەتلەردە قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر مەككىدە مەزگىلىدە قىيىنچىلىقتا ياشىدى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنمۇ مەدىنىدىكى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئاجىزلىقتىن خالىي بولالمىدى، كاپىرلار مەدىنىنىڭ ئەتراپلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى، رەسۇلۇللاھ مەخسۇس قوغداش ئەترىتىنىڭ ھىمايىسىدە ئارام ئالالايتتى. شۇنداقلا كۆپ ساندىكى كىشىلەر مال ـ مۈلۈكلىرىنى قويۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان بولغاچقا ئىقتىسادىي سەۋىيە تۆۋەن ئىدى. يېزا ـ سەھرالاردىن مەدىنىگە كەمبەغەل ئۆمەكلەر كەلسە، دۆلەت مالىيەسىدە ئىقتىساد يوق بولغاچقا ساھابىلەر مېھمان قىلىۋالاتتى. بەزىلەر مەسچىتنىڭ ئارقا ھويلىسىدا يېتىپ قوپاتتى.

دېمەك، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزگەرمەي داۋاملىشىدىغانلىقىنى كىشىلەر بىلىشى كېرەك. بۇگۈنكى كرىزىس ۋە مۇشكۈللەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. كرىزىس ۋە مۇشكۈللەرگە قارىتا قۇرئان كەرىم تەلىم

بەرگەنىدەك «ئاللاھقا يالۋۇرۇش ۋە سېغىنىش» ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشىمىز، پىرىئەۋنىنىڭ قەۋمىگە ئوخشاش ياخشىلىقنى ئۆزىمىزگە نىسبەت بېرىپ، قىيىنچىلىقنى باشقىلارغا نىسبەت بېرىدىغان كىشىلەردەك مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز كېرەك: «ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق ـ مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز، دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى (يەنى ئۇلارغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى) ئۇقمايدۇ» (ئەئراف سۈرىسى 131 ـ 132 ـ ئايەتلەر).

ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتى سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتىنىڭ ئەمەلىي مىسالىدۇر.

## شەرىئەتتىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرگە قارىتا ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى

ئاللاھ: «كىمكى مېنىڭ كۆرسەتمىلىرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز. ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى (مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ» دەيدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇ: «شۇنىڭدەك ساڭا روشەن ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارغا نەزەر سالمىدىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش نەزەردىن ساقىت بولىسەن» ھەددىدىن ئاشقان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا شۇنىڭغا ئوخشاش جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق،تېخىمۇ باقىيدۇر» (تاھا سۈرىسى 124، 127 ـ ئايەت).

«مېنى ئەسلىسەڭلار، ئاندىن سىلەرنى ئەسلەيمەن» (بەقەرە 152 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت: مېنىڭ شەرىئىتىمگە ئەگىشىش ئارقىلىق مېنى ئەسلىسەڭلار، سىلەرگە مۇۋەپپەقىيەت، ھىدايەت، نۇسرەت، خاتىرجەملىك، رازىلىق ۋە ھېكمەت بېرىش ئارقىلىق سىلەرنى ئەسلەيمەن، دېگەن ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ.

### غېمسىز ئاخىرەت بولسۇن

ئاللاھ ئىنساننى ئاخىرەت ئۈچۈن ياراتتى، كىمنىڭ چوڭ غېمى دۇنيا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئىشقا ئاشمايدۇ، دائىم ئالدىدا توسالغۇلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ ۋە دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكى بەختسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. يۇقىرىقى ئايەتتىكى»تار تۇرمۇش»تىن مەقسەت ياخشىلىق

يوللىرىنىڭ تارىيىپ، بىرەر ئىشلاردا ھىدايەتكە ئېرىشەلمەسلىك ۋە رىزىق يوللىرىغا توغرا يول بىلەن يېتەلمەسلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىنسانىنىڭ بۇ ھاياتىنىڭ داۋامى بولغان ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈنمۇ چوڭ غايىسى بولىشى لازىم، چۈنكى ئىنسان مەڭگۈلۈك قىلىپ يارىتىلغان، مۆمىنىنىڭ قەلبى ياخشى ئەمەللەرگە تويمايدۇ ۋە قېرىپ قالمايدۇ. رەسۇلۇللاھ: «كىم ئاخىرەتنى غېمى قىلىپ تاڭ ئاتقۇزسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بايلىقىنى قەلبىدە قىلىپ بېرىدۇ، ئىشلىرىنى قولاشتۇرۇپ بېرىدۇ، دۇنيا ئۇ خالىمىسىمۇ كېلىپ تۇرىدۇ. كىم دۇنيانى پۈتۈن غېمى قىلىۋالسا، ئاللاھ كەمبەغەللىكنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قىلىپ قويىدۇ، ئىشلىرى قولاشمايدۇ ۋە دۇنيادىن پۈتۈلگىنىدىن باشقىسى كەلمەيدۇ» دېگەن (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

**ئاللاھنىڭ يولىدىن يۈز ئۆرۈلگەنلىكنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن**

بەرىكەتنىڭ ئازلىقى، تىجارەتتە پايدىنىڭ ئازلىقى، مەھسۇلاتنىڭ ئازلىقى ۋە تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ كۆپ بولىشى، ئوت كېتىش، يەر تەۋرەش، قاتناش ۋەقەلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى... دىن ئىبارەت. بۇ خىل تۈردىكى كرىزىس ۋە مۈشكۈللەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك سەۋەبىدىندۇر.

## خاتىرجەملىك قانۇنىيىتى

ئاللاھ: «ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر» دەيدۇ (ئەنئام سۈرىسى 82 ـ ئايەت). خاتىرجەملىك ئىماننىڭ يېقىنى. قەلبتە قورقۇنچنىڭ پەيدا بولىشى، قەلبتىكى ئىماننىڭ سۇسلۇقى ۋە خاتا ئەقىدىلەر سەۋەبىدىن بولىدۇ.

قورقۇنچنىڭ دورىسى دائىم ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى ياخشىلاشتۇر، كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇش يولى ھەممىدىن بىھاجەت بولغان ئاللاھ بىلەن ئالاقە ئورنىتىشتۇر، باشقىلاردىن قورقۇشتىن قۇتۇلۇش يولى ھەممىدىن كۈچلۈك بولغان ئاللاھ بىلەن ئالاقە باغلاشتۇر ۋە بىر بۆلەك ئىنتائەت خاراكتېرلىك ئىشلارنى قىلىشتۇر: «ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك ياكى قورقۇنچىدەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكاتتىن باشقا) بېرىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنىگە تەستىق قىلىدىغانلاردۇر. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى (ئاللاھ ئەمىن قىلغاندىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۈچۈن) ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر. پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، مالامەت قىلىنمايدۇ. (جىنسى

تەلىۋىنى قاندۇرۇشنى) بۇنىڭ سىرتىدىن ئىزدىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار توغرا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار نامىزىنى ئادا قىلغۇچىلاردۇر» (مائارىج 22 ـ 34 ـ ئايەتلەر).

بۇ سۈپەتلەردىن ھەر بىر سۈپەت ئىماننىڭ بىر خىسلىتىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئىنساننىڭ ئىمانىي قۇرۇلمىسىنى تولۇقلايدۇ. ئىنسان بۇ سۈپەتلەردىن بىر سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنسە ئىمانى تېخىمۇ ئاشىدۇ ۋە خاتىرجەملىككە قارىتا تۈيغۇسى تولۇق بولىدۇ. بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئىچىدە ناماز ئاساسلىق سۈپەتتۇر، ئەگەر بۇ سۈپەتلەر ناماز ئوقۇمايدىغان ئادەمدە جۇغلىشىپ قالسا قورقۇنچىنى داۋالىيالمايدۇ. ناماز ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ۋە ۋەدىسىنى ھەر كۈنى كۈچەيتىپ تۇرىدۇ.

ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلسىڭىز، ئاللاھ سىزگە خاتىرجەملىك بېرىدۇ. بىزنىڭ تۈيغۇمىز ئىستىلىمىز بىلەن تەسىرلىنىدۇ. كىم ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلماقچى بولسا، باشقىلارغا مۇھەببىتىنى تەقدىم قىلسۇن. كىم خاتىرجەملىكنى ئىرادە قىلسا باشقىلارغا خاتىرجەملىكنى تەقدىم قىلسۇن. سىز باشقىلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج، ئەگەر باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە سىزمۇ باشقىلارغا ياردەم قىلىڭ، ياردەم سىزگە سىز مۇھتاج بولغان مۇناسىپ پەيتتە كېلىدۇ. بۇنىڭ كېيىلى ئاللاھ. بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنساننىڭ ياردىمىدە بولسا ئاللاھ ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ. مائارىج سۈرىسىدە بايان قىلىنغان ئىماننىڭ ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلانغان كىشى خاتىرجەملىك ۋە مۇھەببەتنى قانات يايدۇرىدۇ. مەھسۇلات تېرىلغۇنىڭ تۈرىدىن بولىدۇ.

ئاللاھنى ئەسلەش خاتىرجەملىكنى ئېلىپ كېلىدۇ: «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش ئارام تاپىدۇ. بىلىڭ ـ

لاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ» (رەئد سۈرىسى 28 ـ ئايەت).

ئىمان قەلبتە مۇستەھكەم ئورنىغاندا، ئاللاھنى زىكىر قىلىش شەيتان ۋەسۋەسە ئارقىلىق پەيدا قىلىۋاتقان قورقۇنچىلاردىن غالىب كېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىغا ئايلىنىدۇ. شەيتان ئىنساننىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق باش ئەگدۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

مۆمىن كىشى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى دەپ ئىشەنگەن ھالدا ھەرىكەتلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھنىڭ مۆمىنگە قىلغان تەقدىرى، مۆمىن ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). مۆمىن كۈننى ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن باشلاپ، يەنە ئەسلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ھەر بىر ھەرىكىتىدە ئاللاھنىڭ يېقىنلىقى ۋە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا مۆمىن ئەتراپىدىكىلەرگە خاتىرجەملىكنى تەقدىم قىلىپ، پەرۋەردىگارىدىن تېخىمۇ كۆپ خاتىرجەملىكنى كۈتىدۇ.

# جەمئىيەتلەرنى جازالاشتىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى

ئاللاھ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» دەيدۇ (ئەنفال سۈرىسى 25 ـ ئايەت).

رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ئومۇمىي خەلقنى خاس بىر قانچە ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى بىلەن جازالىمايدۇ. يامان ئىشلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاشكارا بولسا، ئۇلار توسالايدىغان تۇرۇقلۇق توسمىسا، ئۇ چاغدا ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى جازالايدۇ» دېگەن (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). مىللەت ياكى ئۇممەت خاراكتېرلىك سىناق كېلىپ قالسا، ياخشى ـ يامان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇپ زۇلۇمنىڭ ۋە پىتنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

رەسۇلۇللاھ: «كىشىلەر زالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسۇۋالمىسا، ئاللاھنىڭ مىللەت خاراكتېرلىك بىر تۇتاش كېلىدىغان جازاسىغا ئۇچرىشى يېقىنلىشىپ قالىدۇ» دېگەن (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ئايەت جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئۆز ـ ئارا كېپىل بولۇش خاراكتېرلىك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا، چۈنكى يامان ئىشلارغا قارشى تۇرۇشتا ھەر بىر مۇسۇلمان قاتنىشىشى لازىم. مەسئۇلىيەتنى ھۆكۈمەتكە ياكى بىر تۈركۈم كىشىلەرگە يۈكلەپ

قويسا توغرا بولمايدۇ. يامان ئىشلارنى كۆرگەن ھامان قولى ياكى تىلى ياكى قەلبى ئارقىلىق ئىپادە بىلدۈرۈشى لازىم.

ئالىملار ۋە ئەقىللىق كىشىلەر بۇزغۇنچىلىق ۋە پاساتچىلىقنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگەن ھامان كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئاقىۋىتىنى بايان قىلىشقا ئالدىرىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدا سۇسلۇق قىلسا پاساتچىلىق كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ، يىغىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زورىيىپ كېتىدۇ.

# ئالمىشىش قانۇنىيىتى

تارىخ بويى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۈزەتكەن كىشى ھەزارەت مەشئىلىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇش قانۇنىيىتى بويىچە بىر ئۈممەتتىن يەنە بىر ئۈممەتكە يۆتكىلىپ تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ.

دۇنيا ھاياتىنىڭ تۈزۈلمىسى ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشى بىلەن يامانىنى، ئىتائەت قىلغۇچى بىلەن ئاسىيلىق قىلغۇچىنى ئايرىماي تۇرۇپ بىر خىل ھالەتتە داۋاملاشمايدۇ. مۇشۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىلاھىي ھېكمەت بۇ دۇنيادا ئالمىشىش قانۇنىيىتى يولغا قويغان. بۇ قانۇنىيەت بەزىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرسە يەنە بەزىلەرنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، سىناق ۋە ئايرىش ھېكمىتىنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن بەزىلەر غەلىبە قىلسا، يەنە بەزىلەر مەغلۇب بولىدۇ. مۇشۇ ئىلاھىي قانۇنىيەتكە ئاساسەن ئاللاھ غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت قانۇنىيىتىنى بارلىق كىشىلەرنى تەتبىقلىغان. غەلىبە - مەغلۇبىيەت قانۇنىيىتى دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارا ئالمىشىپ تۇرىدۇ، بىر مىللەت غەلىبىدىن مەھرۇم بولسا، يەنە بىر مىللەتكە نېسىپ بولىدۇ. غەلىبە - مەغلۇبىيەت قانۇنىيىتى سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيىتى بويىچە داۋاملىشىدۇ.

كۈنلەرنىڭ ئىنسان ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا ئالمىشىپ تۇرۇش قانۇنىيىتىنى قۇرئان كەرىم مۇقەررەرلەشتۈرگەن : «ئەگەر سىلەرگە مۇسىبەت يەتكەن بولسا، دۈشمەنلەرگىمۇ ئوخشاشلار مۇسىبەت يەتتى. بۇ كۈنلەرنى كىشىلەر ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى ھەمىشە بىر پىرقىدە، بىر مىللەتتە

قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلمىز). بۇ ئاللاھنىڭ ھەقىقى مۆمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، بەزىڭلارنى شېھىتلەردىن قىلىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ. مۆمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر» (ئال ئىمران سۈرىسى 141 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتىكى «كۈندىن» مەقسەت غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن كۈن. كۈنلەرنى ئايلاندۇرۇپ تۇرۇش ھەق مەيداندىكى كىشىلەرنىڭ ناھەق سەپتىكى كىشىلەرگە قارشى تۇرۇشىدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدۇر. غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ سەۋەبلىرى قىلىنسا، نەتىجە ھەق ئىگىلىرى بولغان مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ. غەلىبە بەزىدە باتىلغا، يەنە بەزىدە ھەق ئىگىلىرىگە بولسىمۇ، ئاخىرى ھەق ئىگىلىرى غەلىبە قىلىپ چىقىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بۇرۇندىن بولۇپ كەلگەن قانۇنىيىتىدۇر. ئايلىنىپ تۇرۇش قانۇنىيىتى سەۋەبلىرىنى بىلگەن، قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنگەن ۋە رىئايە قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئاساسىدا بولىدۇ. بۇ قائىدە ئۆزگەرمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ مىقدارى ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدۇ: «ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر» (ئىسرا سۈرىسى 7 ـ ئايەت).

## ئايلىنىپ تۇرۇش قانۇنىيىتى ۋە ئاللاھنىڭ زالىملارغا تۇتقان قانۇنىيىتى

ئايلىنىپ تۇرۇشتىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى زالىم مىللەتنى زۇلۇم قىلغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىشتۇر: «زالىم قەۋمدىن باشقا يەنە كىملەر ھالاك قىلىنىدۇ؟» (ئەنئام سۈرىسى 47 ـ ئايەت).

زۇلۇم ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە پاسىقلىق، گۇناھ، ئىتائەتتىن چەتنەش ۋە ئۆز ـ ئارا زۇلۇم قىلىشىش ئارقىلىق زۇلۇم قىلىشى؛ يەنە بىرى ھاكىملارنىڭ ئىنسان ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرۇپ ۋە خار ھاياتقا ئادەتلەندۈرۈپ زۇلۇم قىلىشىدۇر. بۇ خىل ھالەتكە چۈشۈپ قالغان مىللەت مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرالمايدۇ.

جەمئىيەت كۇپۇرلۇقى بىلەن قېلىپ قېلىشى مۇمكىن، بىراق زۇلۇم بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ بىرەر قەۋمنى زۇلۇم ئارىلاشمىسا كۇپرى سەۋەبىدىن ھالاك قىلمىغان: «پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ياخشى بولغان يۇرتلارنى زۇلۇم سېلىپ ھالاك قىلمايدۇ» (ھۇد سۈرىسى 117 ـ ئايەت).

ئىبنى تەيمىيە: «ئاللاھ ئادىل دۆلەتنى گەرچە كاپىر بولسىمۇ ساقلاپ قالىدۇ، زالىم دۆلەتنى گەرچە مۇسۇلمان بولسىمۇ ساقلاپ قالمايدۇ. دۇنيا ئادالەت ۋە كۇپرى بىلەن ئايلىنىدۇ، زۇلۇم ۋە مۇسۇلمانچىلىق بىلەن ئايلانمايدۇ، دېيىلىدۇ. چۈنكى ئادالەت ھەممە نەرسىنىڭ تۈزۈمىدۇر، ئەگەر دۇنيا ئىشلىرى ئادالەت بىلەن تۇرسا ـ گەرچە ئۇلارغا ئاخىرەتتە نېسىۋە بولمىسىمۇ ـ تۇرۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئادالەت بىلەن تۇرمىسا، گەرچە ئەگىلىرى مۇسۇلمان بولسىمۇ بۇ دۆلەت تۇرالمايدۇ» دېگەن.

ھەزارەتتە ئىنسانغا ئوخشاش ياخشىلىق ـ يامانلىق، پەزىلەت ـ رەزىلەت، ھەق ۋە باتىل بولىدۇ. قايسى بىر ھەزارەتتە پاساتچىلىق، بۇزغۇنچىلىق، زۇلۇم ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشقا ئوخشاش ۋەيران بولۇش ئامىللىرى بولىدىكەن، ئۇزۇنغا قالماي، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ھەزارەت پەيدا بولىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخى مەدەنىيەت ئالمىشىش باسقۇچلىرىدىن ئىبارەت.

## ئالماشتۇرۇش قانۇنىيىتى

بىر ئۈممەت ماددىي تەرەققىياتتا مەلۇم سەۋىيىگە يېتىپ، ئۆزىدىن خاتىرجەم بولغان، بايلىقىغا تايانغان، ئۆز ھالىدىن پەخىرلىنىپ قالغان، ھاياتنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى ۋە داۋاملىشىش قىممەت ـ قاراشلىرىنى ئۇنۇتقان چاغدا، بۇ ئىچكى ئامىللار سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ بىر قەۋمنى يەنە بىر قەۋمنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ: «ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ تائىتىدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ .ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ(بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ)» (مۇھەممەد سۈرىسى 38 ـ ئايەت).

ئايەتنىڭ مەنىسى ئەگەر سىلەر ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسىدىن باش تارتساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھالاك قىلىپ، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەردىنمۇ ياخشى ۋە ئىتائەتچان بولغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ، بەلكى سىلەردىنمۇ ياخشى ۋە ئىتائەتچان بولىدۇ.

بۇ يەردىكى ئالماشتۇرۇش قانۇنىيىتى پەقەتلا ھالاك قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى كۈتۈپ ئولتۇرمايدىغان ياكى سۈكۈت قىلغانلىقنى ئاقلاپ باھانە كۆرسەتمەيدىغان كىشىلەر كېلىپ بايراقنى بوشاڭلىق قىلغان، ھەددىدىن ئاشقان ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلاردىن تارتىۋالىدۇ.

ئالماشتۇرۇۋېتىش ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشتىن ئارقىدا قالغانلارغا بېرىلگەن ئاللاھنىڭ جازاسىدۇر. باشقىلارنىڭ بايراقنى

تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ھەرىكەتلىنىشچانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭدا ئالماشتۇرۇشنىڭ دەرد ئەلىمىنى ھېس قىلىسەن. باشقىلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگىچە رەتلەشچانلىقى، سېنىڭ كۆرۈپ ئولتۇرغىنىڭنى كۆرسەڭ ئىلاھىي جازانىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىسەن.

## ھەزارەتتىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى

ئىسلام ھەزارىتى مۇسۇلمانلارغا كائىنات ۋە ھايات قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشلار، زېمىننى سەير قىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشلار دېگەن كۆرسەتمە ئاساسىدا بارلىققا كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە غەلىبە قىلىش ئارزۇسى، ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى تارقىتىش ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىشى ئاساسىدا پەيدا بولدى. مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمدىكى ھەزارەت پرىنسىپلىرى، قىممەت ـ قاراشلىرى ۋە ئەقلى ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا مەدەنىيەت تىكلەپ چىقتى.

قۇرئان كەرىم ئىنسانىي ھەزارەت مېتودىنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇنى تۇرغۇزۇش قانۇنىيەتلىرىنى دەلىللەپ بەردى، مىللەتلەر ۋە ھەزارەتلەرنىڭ ھالاك بولۇش ئامىللىرىنى خەۋەر قىلىپ بەردى: «ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈپ تەرەققى قىلدۇرۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلدى» (ھۇد سۈرىسى 61 ـ ئايەت). يەنى سىلەرنى ھەقىقەت، ئادالەت ۋە ياخشى ئىشلار ئارقىلىق زېمىننى گۈللەندۈرۈشىڭلارنى تەكلىپ قىلدى.

ئىنساننىڭ زېمىندا ئاللاھنىڭ ئىزباسار ۋەكىلى بولۇش، زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە ھەزارەت قۇرۇپ چىقىشتا ۋەھيىنى ئاساس قىلىشى قۇرئان كەرىمدىكى ھەزارەت ئىدىيىسىنىڭ تەكىتلىۋىدۇر. ئىنسان ھەزارەت قۇرۇپ چىقىش، ئىنساننىڭ خاراكتېرى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا

ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئەگىشىشى لازىم.

قۇرئان كەرىم بىر قانچىلىغان مىللەتلەرنىڭ ھەزارىتى ۋە ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى. سەۋەب بولارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش ئاندىن ۋەيران بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە توختىلىش ئۈچۈندۇر. بىز بۇنى «ھەزارەتلەردىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى» دەپ ئاتىساق بولىدۇ.

ھەزارەتلەرنىڭ ۋەيران بولىشى، دۆلەتلەرنىڭ يىقىلىشى توغرىسىدا جەمئىيەتشۇناس ئالىم ئىبنى خەلدۇن: «زۇلۇم تەرەققىياتنى خارابىلىققا ئايلاندۇرىدۇ، قۇرئان ئەھكاملىرىنىڭ مەقسىتى تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنى قوغداپ قېلىشتۇر، بۇ مەسىلە شەرىئەتنىڭ دىن، جان، ئەقىل،ئابروي ۋە مال -مۈلۈكنى قوغداشتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك زۆرۈر بولغان مەقسەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە رىئايە قىلىنىدۇ. زۇلۇم بولسا تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى خاراب قىلىپ تاشلايدۇ. ئادالەت بولمىسا گۈللىنىش پەيدا بولمايدۇ، ئادالەت ئاساسىي مىزاندۇر» دەيدۇ (ئىبنى خەلدۇن «مۇقەددىمە»، 39 - بەت)

مالىك نەبى ھەزارەتنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا «ھەزارەت ئۈچ تۈرلۈك باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ» دەيدۇ.

بىرىنچى باسقۇچى: ھەر بىر ھەزارەتنىڭ پەيدا بولۇش ۋە باشلىنىش نۇقتىسىدا دىنىي ئاڭ پەيدا بولىدۇ، بۇ باسقۇچتا ئىنسان پسىخىكا جەھەتتىن ئەڭ ياخشى ۋە پائالىيەتچان بولىدۇ، ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچى تەييار ھالىتىدە بولىدۇ. بۇ ھەر قانداق جەمئىيەتتىكى ھەزارەتنىڭ ئالتۇن دەۋرى سانىلىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ: بۇ باسقۇچتا جەمئىيەتتە بەزى بىر سەلبىي كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ، ئەقىدە بۇزۇلۇشلىرى ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇم پەيدا بولىدۇ، شەخسىيەتچىلىك ئاشكارا بولىدۇ،

يەككە مەنپەئەت كوللېكتىپ مەنپەئەتتىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. دېمەك، كۈچ پارچىلىنىپ ئىجتىمائىي ھەرىكەت بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، توغرا يۆنىلىشتە ماڭغانلار ئاز بولىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچى:پىسخىكا جەھەتتىن پارچىلىنىش باسقۇچى بولۇپ، ھەزارەتنىڭ يىقىلىش باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ باسقۇچتا شەخسىيەتچىلىك تۇيغۇسى ئەۋج ئالىدۇ، كۆڭۈل تۇيغۇلىرى ئەخلاق، قىممەت ـ قاراش ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەر پارچىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ ھەزارەت تارىخىدا ئۈچۈش ۋە چۈشكۈنلىشىش باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. (مالىك نەبى «جەمئىيەتنىڭ تۇغۇلۇشى» 71 ـ بەت).

شەخسلەر دۇنياسىدىكى ناچار ئالاقىنىڭ پىكىرلەر دۇنياسى ۋە نەرسىلەر دۇنياسىغا تېز ۋە يامان تەسىرى بولىدۇ. چۈنكى شەخسلەر دۇنياسىدا ناچار، پاسسىپ ئادەملەرنىڭ ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىۋېلىشى ۋە ئىجتىمائىي كېسەللەرنىڭ جەمئىيەتتە ئەۋج ئېلىشى ھەزارەت جەھەتتىن يىقىلىش باسقۇچىنىڭ باشلىنىشىدۇر. ھەزارەت چۈشكۈنلىكىنى روھىي، ئەقلىي سەۋىيەدىنمۇ تۆۋەن پىسخىكا ئامىللىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پسىخىكا چۈشكۈنلىكى ئىنسان دىققەت قىلمىغان ۋاقىتدا ئۈممەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىنى كونترول قىلىپ كېتىدۇ.

روھ ۋە ئەقلىنىڭ تەسىرلىرى قورۇلۇپ قالغان ۋاقىتتا كۆڭۈل تۇيغۇلىرىنىڭ ئارقانلىرىدىن يېشىلىپ كېتىدىغانلىقى، نەتىجىدە ئىنساننى ئىپتىدائىي ياكى ھايۋان سەۋىيىسىگە ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدۇر (مالىك نەبى «ئويغىنىش شەرتلىرى» 53 ـ بەت)

قايسى بىر ئۈممەت ئاللاھنىڭ يولىدىن چەتنەپ، ئىنساننىڭ خاراكتېرى ۋە روھى بىلەن سوقۇشىدىكەن ھەزارەت مەۋجۇتلۇقىنى

ئـۇزۇن سـاقلاپ تۇرالمايـدۇ. ئەخـلاق پەزىلىتـى ۋە ئىنسـانىي قىممـەت ـ قارشـى بولمىغان ئۇممەت ئىنسـانىيەتنى يېتەكلەشـتە داۋاملىشالمايدۇ: «شـۇ شـەھەر ۋە دۆلەتلەرنىـڭ ئاھالىلىـرى زۇلـۇم قىلغانلىقلىـرى ئۈچـۈن، ئۇلارنـى ھـالاك قىلـدۇق، ئۇلارنىـڭ ھالاك بولىشـىغا مۇئەييەن ۋاقىتنـى بەلگىلـىدۇق» (كەھـف سۈرىسـى 59 ـ ئايـەت).

ئىنسـانىيەتنىڭ ھـەزارەت تارىخىغـا قارىسـاق، ھەزارەتنىڭ تەدرىجى شـەكىللەنگەنلىكىنى كۆرگىلـى بولىـدۇ. ھەزارەتتە ئىنسـانىي ئورتاقلىق نۇقتىلىـرى بـار. يېڭـى ھـەزارەت كونـا بىـر ھەزارەتنىـڭ مەشـئىلى ئۆچكـەن ۋاقىتـدا كېلىـپ، ئۇنىڭدىكى ئەۋزەللىكىنـى قوبـۇل قىلىـپ، يېڭـى ھـەزارەت يارىتىشتا پايدىلانغان بولىـدۇ.

# تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىش قانۇنىيتى

ئىشلارنى تەدرىجىي قىلىش ئاللاھنىڭ كائىنات ۋە ئالەمدىكى ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى. ئاللاھ ئاسمان - زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، بولمىسا ئاللاھ كائىناتنى «بول» دېگەن سۆزى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئېچىپ بولغۇچە يارىتىشقا قادىر زات ئىدى. ئاللاھ بەندىلىرىگە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئىش قىلىش ۋە سەۋر قىلىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئالەمنى ئالتە كۈندە ياراتقان.

ئىشلارنى تەدرىجىي قىلىش ئاللاھنىڭ ئادەمنى يارىتىشتىكى قانۇنىيىتىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراق، سۇ، لاي ۋە ساپال باسقۇچى ئارقىلىق يارىتىلغاندىن كېيىن، ئاندىن روھ كىرگۈزۈلگەن. نەتىجىدە بۇ مەخلۇق ئىنسان بولۇپ يارىتىلغان. ئادەم پەرزەنتلىرىنىڭ يارىتىلىشى بىر قانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن.

دېمەك، تەدرىجىيلىك ئاللاھنىڭ ئالەم ۋە ئىنساننى يارىتىشتىكى ئىزچىل داۋاملىشىدىغان كائىنات قانۇنىيىتى. شۇڭىدەك ئاللاھ ئىنسانغا كۆيۈنۈپ ساماۋىي شەرىئەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىمۇ تەدرىجىي بولۇشىنى ئىرادە قىلغان. ھەممە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىننىڭ ئەسلىسى بىر بولسىمۇ، شەرىئەتلەر مىللەتلەرنىڭ رېئاللىقىغا قارىتا ۋە ئەقلىي سەۋىيىسىنىڭ يېتىلىشىگە قارىتا تەدرىجىي كەلگەن.

### *1 - رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرى ۋە تەدرىجى ئىسلاھ قىلىش قانۇنىيىتى*

ئىسلام شەرىئىتىدىمۇ تەدرىجىي يول تۇتۇش رىئايە قىلىنغان. ئەڭ ئاخىردا كەلگەن ئىسلام شەرىئىتى 13 يىل داۋاملاشقان مەككە

دەۋرىدە مۆمىن ئىنسان، مۆمىن جامائەت ۋە يېگانە ئەۋلادلارنى ئىمانىنىڭ قىممەت ـ قاراش قۇرۇلمىسىغا ئۇيغۇن ھالدا يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يىلتىز خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىش قەدىمىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى باشلىدى.

10 يىل داۋاملاشقان مەدىنە باسقۇچىدىكى ئەھۋالمۇ شۇنداق بولدى. مۆمىن جامائەتنىڭ ھەزارەت ۋە ھەزارەت ئاساسلىرىغا ئىگە بولىشى ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشتا «تەدرىجي» قەدەم باسماي، «سەكرەش» ئارقىلىق قولغا كەلمىگەن. پارچە ـ پارچە تەدرىجي چۈشكەن ۋەھيي شەرىئەتنىڭ يولغا قويۇلىشى ۋە تەتبىقلىنىشىغا ماسلىشىپ ماڭغان، چۈنكى شەرىئەتنى تۇرغۇزىدىغان ئىنسان تەدرىجي ئۆزگىرىدۇ ۋە شەرىئەتنى قوبۇل قىلىدىغان شارائىتمۇ تەدرىجي تەييار بولىدۇ.

مەسىلەن، شەرىئەتنىڭ مىراس تۈزۈمى ۋەھيي چۈشۈشكە باشلاپ 16 يىلدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ ئۈچىنچى يىلى تەتبىقلانغان. شەرىئەتنىڭ ئائىلە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلىشى ۋە تەتبىقلىنىشى ھىجرىيىنىڭ يەتتىنچى يىلى تولۇق يولغا قويۇلغان، يەنى ۋەھيي چۈشۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ 20 يىلدىن كېيىن تاماملانغان. جىنايى ئىشلار تۈزۈمىنىڭ ماددىيمۇ ـ ماددا يولغا قويۇلىشى ۋە تەتبىقلىنىشى ھىجرىيىنىڭ سەككىزىنچى يىلى پۈتۈپ چىققان، يەنى ۋەھيي چۈشۈپ 21 يىلدىن كېيىن تاماملانغان.

ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىش ئەھكاملىرى ئۇنى ئەيىبلەش، ئاگاھلاندۇرۇش باسقۇچلىرىدا تەدرىجي قەدەم بېسىپ، ھىجرىيىنىڭ ئۈچىنچى يىلى كەسكىن چەكلەنگەن. جازانىنىڭ ھارام قىلىنىشى يېڭى ئىسلام جەمئىيىتىدە ئىسلام ئىقتىساد تۈزۈمى يارىتىلىپ، جاھىلىيەت ئىقتىساد تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا چۈشكەندىن كېيىن

ھىجرىيىنىڭ توققۇزىنچى يىلى چەكلەنگەن.

سودا - سېتىق ئەھكاملىرىدىن سىرت كۆپلىگەن ئىسلام ئەركانلىرىدىمۇ تەدرىجىيلىك رىئايە قىلىنغان. مەسىلەن، ناماز تولۇق شەكلى بىلەن ھىجرەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن «ئىسرا - مىراج كېچىسى» دە تولۇق يولغا قويۇلغان. روزا، زاكات ۋە ھەج ئىبادەتلىرى مەدىنىدە پەرز قىلىنغان.

ھەممە نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن ياراتقان ۋە تەقدىر قىلغان ئاللاھ تەدرىجىيلىك قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىنىڭ ھەممىسىدە قائىدە بولۇشىنى ئىرادە قىلغان. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بارلىق ئۆزگىرىشكە قائىدە بولالايدىغان رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسى بار: «زۇلۇم مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇزۇنغا قالماي پەيدا بولىدۇ، زۇلۇمدىن ئازراق نەرسە ئاشكارا بولسا، شۇنىڭ باراۋىرىدە ئادالەت يوقاپ كېتىدۇ. ھەتتاكى زۇلۇم ئىچىدە تۇغۇلۇپ، زۇلۇمدىن باشقىسىنى بىلمەيدىغانلار تۇغۇلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئادالەتنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئادالەتتىن ئازراق كەلسە، زۇلۇمدىن شۇنچىلىك مىقداردا يوقىلىدۇ. ھەتتاكى ئادالەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلار تۇغۇلىدۇ» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

دېمەك، ئادالەت ۋە زۇلۇم، ئىسلاھات ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتتۇر. ئادالەت ۋە زۇلۇم، ئىسلاھات ۋە پاساتچىلىق تەدرىجىي ئايلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى ئۆزگىرىش تەدرىجىي قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ. مەسىلەن، قانچىلىك مىقداردا زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىق ئاشكارا بولسا، شۇنچىلىك مىقداردا ئادالەت ۋە ئىسلاھات يوقاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىدىكى ئەھۋالمۇ شۇنداق ئايلىنىدۇ. كۈنىنىڭ چىقىش ۋە پېتىشىمۇ ئۇشتۇمتۇت ياكى سەكرەپ بولمايدۇ، بەلكى تەدرىجىي قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ.

## 2 ـ ئىسلام تارىخى ۋە تەدرىجىلىك قانۇنىيىتى

رەسۇلۇللاھ ۋە خۇلەپائى راشىدىنلار دەۋرىدىن كېيىن، ئىسلام جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ئىجابىيلىق ياكى سەلبىيلىك، بۇزغۇنچىلىق ياكى بۇزغۇنچىلىقتىن غالىب كەلگەن ئىسلاھات ئۆزگىرىشىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەن كىشى ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىش قانۇنىيىتىنىڭ تەدرىجىي بولىدىغانلىقىنى بايقىيالايدۇ.

بۇ دەۋردە ئىسلامنىڭ قىممەت ـ قاراش، كېڭەش قىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئادالەت قۇرۇلمىسىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئۆزگىرىشلەر ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرمىگەن. بەلكى زۇلۇم، بۇزغۇنچىلىق ۋە ئادالەتسىزلىك يۆنىلىشىدە تەدرىجىي قانۇنىيەت ھۆكۈم سۈرگەن.

مۇجەددىد بەشىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ دەۋرىدىكى يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجتىمائىي ئادالەت ئۆزگىرىشىمۇ تەدرىجىي ھاسىل بولغان. بۇ خەلىپىنىڭ دەۋرىدە زۇلۇمنىڭ ئورنىغا ئادالەت، بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئورنىغا ئىسلاھات ئورنىغان، زۇلۇم قىلىنغانلار ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئېرىشكەن. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇشتۇمتۇت ياكى بىر سەكرەپ يۈز بەرمىگەن، بەلكى تەدرىجىي قانۇنىيەت ئارقىلىق باشلانغان.

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بايلىق ۋە ئىقتىساد مەيدانىدا ئۆزگىچە بۇرۇنقىلاردىن مىراس قىلىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنى زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە تەدرىجىي سۆرەپ ماڭغان ئۆزگىرىشلەرنى سۈپەتلەپ: «ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بارلىق كىشىلەرگە ـ ئازاب سۈپىتىدە ئەمەس ـ رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن، ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇرغان. ھەممە ئىنسانلارنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن ئۆستەڭ قالدۇرغان. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىپ، ئۆستەڭنى ئۆز ھالىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن، ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەر خىزمەت قىلىپ ئەبۇ بەكرگە ئوخشاش

ئىش قىلىپ ماڭغان. ھەزرىتى ئوسمان مۇسۇلمانلارغا ۋالىي بولغان چاغدا ئۆستەڭدىن يەنە بىر ئۆستەڭ تارماقلىنىپ چىققان، ئاندىن مۇئاۋىيە ۋالىي بولغاندا ئۇ ئۆستەڭدىن بىر قانچە ئۆستەڭلەر تارماقلىنىپ كەتكەن. ئاندىن ئاشۇ ئۆستەڭ يەزىد، مەرۋان، ئابدۇلمەلىك، ۋەلىد ۋە سۇلايمانىنىڭ دەۋرلىرىدىمۇ تارماقلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ماڭا كەلگەندە بۈيۈك ئۆستەڭ قۇرۇپ كەتكەن. بۈيۈك ئۆستەڭ ئەسلى ھالىتىگە قايتمىغۇچە مۇسۇلمانلارنى بۇرۇنقىدەك قاندۇرالمايدۇ» دېگەن.

سەلبىي ئۆزگىرىشلەر ئادالەتتىن زۇلۇمغا تەدرىجىي بولغاندەك، ھەزرىتى ئۆمەر ئابدۇلئەزىز ئۆزگىرىش ھەرىكىتىنى ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمدىن ئىسلاھات ۋە ئادالەتكە تەدرىجىي ئېلىپ بارغان. ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى ئۆزىنى گۈزەل ۋە ئادىل ئۈلگە قىلىشتىن باشلىغان، ئىلگىرىكىلەردىن مىراس قېلىپ قالغان، زۇلۇم خاراكتېرىدىكى مال ـ دۇنيالارنى دۆلەت خەزىنىسىگە يوللىۋەتكەن. ئۇ پەدەك زېمىنى قايتۇرۇۋېتىش جەريانىدا: «ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ماڭا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرنى بۆلۈپ بەرگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭمۇ بېرىش ھەققى يوق ئىدى» دېگەن. (بالازىرى «شەھەرلەرنىڭ ئازات قىلىنىشى»، ئىبنى ئەسىرنىڭ«كامىل تارىخى»، ئىسپاھانىنىڭ «ئەغانى» ناملىق كىتاۋىغا قاراڭ).

ئۆمەر ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولغان ئىككى يىل جەريانىدا زۇلۇم قىلىنىپ ئېلىنىۋېلىنغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ تەدرىجىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىسلام جەمئىيىتىنى زۇلۇمدىن ئادالەتكە، بۇزغۇنچىلىقتىن ئىسلاھاتقا يۆتكەپ چىققان. باشقىلار ئۇ كىشى توغرىدا: «ئۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى خەلىپە بولغاندىن تارتىپ ئۆلۈپ كەتكۈچە داۋاملاشتۇرغان» دېيىشكەن.

ھەزرىتى ئۆمەر ئابدۇلئەزىز ئادالەتكە شۇنچە ئىشتىياقى بولسىمۇ،

ئىسلاھاتقا جاننى سېلىپ بېرىدىغان دەرىجىدە بەك ھېرىسمەن بولسىمۇ تەدرىجىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ: «ئەگەر ئاللاھ مېنىڭ قولۇم بىلەن يوقاتقان ھەر بىر بىدئەتنى ۋە مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق گۈللەندۈرگەن ھەر بىر سۈننەتنى مېنىڭ جېنىم ئارقىلىق قىلسا، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن بولغان بۇ ئىش مەن ئۈچۈن ئاسان» دېگەن. ئۇ ئىسلاھات ۋە ئىسلاھات يولىدا قۇربان بېرىشكە شۇنچە ھېرىسمەن بولسىمۇ، سەكرەپ ئىسلاھ قىلىش پىلانىغا تايانمىغان. بەلكى تەدرىجىي ئىسلاھات يولىنى تۇتۇپ ماڭغان ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتىكى بۇ كۆز ـ قارشىنى تېز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ئالدىرايدىغان ئۆلىما ئوغلى ئابدۇلمەلىك بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە مۇداپىئە قىلغان. ھەزرىتى ئۆمەر ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆلىما بالىسى ئابدۇلمەلىك دادىسىغا: «جېنىم دادا! نېمە ئۈچۈن ئىسلاھاتنى كېيىن كېيىن تېز ـ تېز قىلمايلا؟ ئاللاھقا قەسەمكى ھەق مەسىلىسىدە مەن قازاندا قايناپ كەتسەممۇ پەرۋا قىلمايمەن» دېگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر دۆلەت ئەربابى، ئىسلاھات مۇتەخەسسىسى ۋە تەدرىجى ئۆزگەرتىشتىكى ئۆلىما بولۇش سۈپىتى بىلەن جاۋاب بېرىپ: «ئوغلۇم! ئالدىرىما. چۈنكى ئاللاھ ھاراقنى قۇرئاندا ئىككى قېتىم ئەيىبلەپ، ئۈچىنچى قېتىمدا ھارام قىلغان. مەن كىشىلەرنى ھەقىقەتكە بىرلا بېسىپ زورلىسام، كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلالماي تاشلىۋېتىپ، پىتنە بولۇشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېگەن (د.مۇھەممەد ئەممارە «بەشىنچى خەلىپە»، 226 ـ بەت، ئىبنى ئابدۇ رەببە «ئىقدۇل فەرىد»، 4 ـ بەت).

بۇ ئادىل خەلىپە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئادىل ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتىكى ئاللاھنىڭ تەدرىجىيلىك قانۇنىيىتىنى ياخشى بىلەتتى ۋە ۋاقتى كەلگىچە مەلۇم مىقداردىكى زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق بىلەن چىقىشىپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنەتتى.

تەدرىجىي ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتى ئارقىلىق زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ ئورنىغا ئادالەت ۋە ئىسلاھاتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى.

ئۇ تەدرىجىي ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتىكى بۇ قانۇنىيەتنى ئېنىق ئىپادىلەپ: «كىشىلەرگە ئادالەت خاراكتېرىدىكى ئىشتىن بىرنى ئۇدۇل ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققۇم بار، لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ سىغدۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئادالەت بىلەن بىرلىكتە دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن بىرەر مەنپەئەتنى بىرگە ئېلىپ چىقىمەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ قەلبى ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ قالسا، بۇنىڭغا كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ» (يۇقىرىقى مەنبە). ئۇ بۇ يەردە ئادالەتنى دۇنيانىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن بىر نەرسە بىلەن يۆگەش باسقۇچى ھەققىدە توختىلىۋاتىدۇ، چۈنكى زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىق جەمئىيەت قىممەت ـ قارشى بىلەن يۆگىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزگە جەلب قىلىۋالغان ئىدى.

مانا بۇ بەشىنچى خەلىپە ئۆمەر ئابدۇلئەزىز سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن ۋە ئىسلاھات تارىخىدا ئەمەلىي تەجرىبىسى مۇجەسسەملەشتۈرگەن تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىشتىكى تەجرىبىدۇر.

### 2 ـ دەۋەت قىلىشتىكى ئاساسلىق نۇقتىلار

1. ئىدىيە، مەدەنىيەت، تەشۋىقات ۋە قىممەت ـ قاراش تەرەپلىرى بۇزۇپ تاشلانغان ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش مەيدانىدا كائىنات خاراكتېرلىك تەدرىجىي يول تۇتۇپ مېڭىش قانۇنىيىتىنى ئىشلىتىش لازىم.

مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقاتتا ئىسلامنىڭ قىممەت ـ قاراشلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئىجات قىلىدىغان ئاۋانگارتلار شەكىللەنسە ۋە بۇ ئىسلامغا ئۇيغۇن ھەل قىلىش

چارىلىرى ئەمەلىي ھاياتتا پۇت تىرەپ تۇرالىسا، مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقاتنىڭ ئىجتىمائىي رىئاللىقتىكى ئۆزگىرىشى باشلانغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي رىئاللىقتىكى ئىسلامنىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرلىك مەدەنىيىتى ۋە تەشۋىقاتى پەيدا قىلىۋاتقان تەدرىجى ئۆزگەرتىشنىڭ مىقدارىغا قاراپ ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات ساھەسىدە ئىسلام قىممەت ـ قارشىنى ئاساس قىلىدىغان دائىرە كېڭىيىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئېنىق ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، يېڭى ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى غەربتىن كەلگەن ياكى مىراس قالغان پاساتچىلىق ۋە خاتالىق بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىر مەزگىل ھەمرا بولۇپ ماڭىدۇ. شۇنى ياخشى چۈشىنىشىمىز لازىمكى، بەشىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىشتىكى مېتودى مىراس قالغان ئادالەتسىزلىك بىلەن بىر مەزگىل چىقىشىپ ياشاش دائىرىسىدە توختاپ قالمىغان، بەلكى ھەقىقى ئادالەتنى زۇلۇمنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئادالەتنى دۇنيانىڭ زىننىتى بىلەن يۆگەپ تارقىتىش ئۇسۇلىغا تايانغان.

مانا بۇ تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىش قانۇنىيىتىدۇر. يارىتىش، ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىدىكى ئاساسىي قانۇندۇر. مۇسۇلمانلارنى ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات رېئاللىقىدىن ئىسلامغا ئۇيغۇن ئىسلاھات يولىغا ئېلىپ چىقىشنىڭ يولى مانا مۇشۇ.

2. تولۇق ئىسلاھ قىلىشتا كۈچىنىڭ يېتىشىچە راستچىل ئىرادە بولۇش لازىم، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا چىقىشىپ ياشاش سىياسىتى بىلەن كۇپايىلىنىپ، ياماق سېلىش بىلەن توختاپ قالسا بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ زەۋقىنى ئىسلاھ قىلىشمۇ ئىسلامدىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭ بىر نىشانىدۇر. شۇڭا بىز تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىشتا راستچىل ئىرادە بىلەن تەدرىجىيلىك ھەققىدە سۆزلەۋاتقان يالغان ئىرادە ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز

كېرەك.

ياخشى نىيەت، راستچىل ئىرادە، توغرا پىلان ۋە تەدرىجى ئىسلاھ قىلىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ئاڭلىق ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىشقا ئاشىدۇ.

3. تولۇق ئىسلاھات ئۈچۈن راستچىل نىيەت بىلەن كۇپايىلىنىپ قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ياخشى تەشۋىقات ۋە مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرىنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئىزچىل ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش لازىم. ياخشى ئۆرنەكنىڭ دائىرىسى تەرەققىي قىلسا مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقاتتىكى بۇزغۇنچى ئۆرنەكلەر تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلايدۇ.

4. سەلبىي مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرى بىلەن ۋاقىتلىق چېقىشىپ ياشاشتىكى زوراۋرىيەتنىڭ ئۆلچىمى بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن زوراۋرىيەتلەرنى ئۆز مىقدارى بويىچە بەلگىلەش لازىم. بۇ يەردە چېقىشىپ ياشىماقچى بولغان مەسىلىدە دائىم يامان بىلەن بەك يامان ۋە ئازراق يامان ئارىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئىش قىلىش لازىم.

5. «يامان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ۋاستىسىنى ئىشلەتكەندەك، ۋاقىتلىق چېقىشىپ ياشاش كۆپ پايدىغا باشلاپ بارىدىغان بولسا، يامانلىقى ئازراق بولغان ئىشلارغا «يول ئېچىش» قائىدىسىنىمۇ ئىشلىتىش لازىم.

# سەۋەب قانۇنىيىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى خاتالىقلار

نەتىجىلەر مۇقەددىمىسىگە يەنى سەۋەبلىرىگە باغلىقتۇر. سەۋەبلەر ماددىي ياكى مەنىۋىي بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قانۇنىيەتنى چۈشىنەلمەسلىكى ئۇممەتنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبدۇر.

## *1. ماددىي سەۋەبلەرگە سەل قاراش*

ماددىي سەۋەبلەر ئاساس، مەنىۋىي سەۋەبلەر ماددىي سەۋەبلەر ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ بىر ساھابىگە: «تۆگەڭنى باغلاپ قويۇپ، ئاندىن ساقلاشتا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن» دەپ نەسىھەت قىلغان. (تىرمىزى رىۋايىتى).

ماددىي سەۋەبلەرنى قىلىش تەۋەككۇل قىلىشنىڭ قاتارىدىن، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ماددىي سەۋەبلەرنى قىلىش زۆرۈر. چۈنكى «ئاللاھ بىر ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ» (بەقەرە سۈرىسى 286 ـ ئايەت). شۇڭا پۈتۈن كۈچنى ئىشقا سېلىش لازىم، پۈتۈن كۈچنى ئىشقا سېلىش بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىغا مۇھتاج بولىدۇ.

## *2. قىيىنچىلىق سەۋەبلىرىنى خاتا تەكشۈرۈش*

(1) گۇناھ سادىر قىلغان ئىنسان ئاللاھنىڭ جازاسىدىن ئەجەبلەنمەسلىكى كېرەك، چۈنكى ئۇ گۇناھى ئارقىلىق جازانى ئۆزى سۆرەپ كەلدى. قايسى بىر مىللەت ئىتائەت يولىدا مېڭىشتىن گۇناھ يولىغا كىرىپ كەتسە، ئاللاھ ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان

نەرسىنى يامان كۆرىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرىۋېتىدۇ. قايسى بىر مىللەت گۇناھ ھالىتىدىن ئىتائەت ھالىتىگە يۆتكەلسە، ئاللاھ ئۇلار يامان كۆرىدىغان نەرسىنى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئىنساندىن يۈز بەرگەن گۇناھ بالا ـ قازا، مۇسىبەت ۋە غەمنى سۆرەپ كېلىدۇ. بۇ خىل ھالەتتە ئۆزلىرىنى تۈزەتمەي ۋە تەۋبە قىلماي تۇرۇپ دۇئا قىلسا، دۇئالىرى ئىجابەت بولمايدۇ.

(2) ئۈممەت مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قېلىشتىن قۇتۇلماقچى بولسا سىياسىي، تەربىيىۋىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئۈچ تەرەپلىمە ئومۇمىيۈزلۈك پىلان تۈزۈشى كېرەك. بەزىلەر سىياسىي كۈچ مۇھىم، چۈنكى ئاللاھ سۇلتاننىڭ كۈچى ئارقىلىق قۇرئان بىلەن توسالمىغان نەرسىلەرنى توسىدۇ، دەپ قارايدۇ، بۇ توغرا قاراش ئەمەس. چۈنكى ئادەمنى ئىسلاھ قىلىشتا ئىمان كۈچى ئەڭ مۇھىمدۇر. ئىسلاھ قىلىشتا سۇلتاندىن ئىبارەت يەككە كۆز ـ قاراشتىن ئومۇمىيۈزلۈك ئىجتىمائىي قاراشقا يۆتكىلىشكە تېگىشلىكتۇر. چۈنكى ئىجتىمائىي مۈشكۈللەرنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش ۋاقىتنى تېجەيدۇ ۋە ئۆزگەرتىش قەدەملىرىنى تېزلىتىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەتتە بۇ ساھەلەر ئۈچۈن ئىقتىدارلىق ئادەملەر كۆپ تېپىلىدۇ.

(3) بەزىلەر بىز دۇچ كېلىۋاتقان مۈشكۈلنىڭ سەۋەبىنى سىرتنىڭ سۈيىقەستىگە ئارتىپ قويىدۇ. قۇرئان كەرىم بولسا بىز دۇچ كېلىۋاتقان مۈشكۈلنىڭ سەۋەبىنىڭ بىزنىڭ خاتا ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىز ئىكەنلىكىنى تەلىم بېرىدۇ: «سىلەرگە مۇسىبەت كەلگەندە، سىلەر: «بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟ سەۋەبى نېمە» دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن بولدى، سەۋەبچىسى سىلەر» (ئال ئىمران 165 ـ ئايەت).

«سىلەرگە ھەر قانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە

مۇسـبەتتىن ھېـچ قۇتۇلالمـاس ئىدىـڭلار)» (شـۇرا سۈرىسـى 29 ـ ئايـەت).

(4) بەزىلـەر سـەۋەبىنى قىلىپ، نەتىجىسـىگە ئەھمىيـەت بەرمەيدۇ. نەتىجە ئالالھدىـن بولسىمۇ، نەتىجىنـى سۈرۈشـتە قىلـىش ۋە قايتـا تەكشـۈرۈش الزىـم. بەلكـىم مۈشـكۈلنىڭ سـەۋەبلىرىنى بەلگىلەشـتە خاتالىـق بولىشـى مۇمكىـن ياكى تەتبىقالشـتىكى نۇقسـان مەغلۇبىيەتكە باشـالپ بېرىشـى مۇمكىـن.

### 3. ئىلمىي تەتقىقاتقا سەل قاراش

قۇرئـان كەرىـم بىزگـە سـەۋەبلەرنىڭ سـىرتقى ئىزاھاتىدىـن ھالقىپ ئۆتـۈپ، ھەقىقـي سـەۋەبىنى بىلـىش ئۈچـۈن چوڭقـۇر چۆكـۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشـىمىزنى تەلىم بەرمەكتـە. چۈنكى كېسـەلنى بىلىشـتە خاتالىشـىش، داۋالاشـتا چوقـۇم خاتـا نەتىجىگـە باشـالپ بارىـدۇ. قۇرئـان كەرىـم ۋە ھەدىـس شـەرىف ئىجتىمائىـي كېسـەللەر بىلـەن قانـداق مۇئامىلـە قىلـىش ئارىسـىدىكى ئاالقىنـى تەقدىـم قىلىشـقا كېپىـل بولغـان. مەسـىلەن، ئىجتىمائىـي كېسـەللەر بىلـەن تۇرمۇشـنىڭ تەسـلىكى، مۇسـتەبىتلىك، يوقسـۇزلۇق ۋە كىشـىلەرنىڭ ھەققىنـى يـەپ كېتىـش ئارىسـىدىكى ئاالقـە نېمـە؟ رەسـۇلۇلالھ بـۇ توغرىـدا: «بىـر مىللـەت جىـڭ ـ تارازىـدا باشـقىالرنىڭ ھەققىنـى كېمەيتىپ قويسـا قۇرغاقچىلىق، تۇرمۇشـنىڭ تەسـلىكى ۋە سۇلتاننىڭ زۇلـۇم قىلىشـىغا ئۇچرايـدۇ» دېگـەن (ئىبنـى ماجـە رىۋايىتـى).

ئەگـەر بىـز بـۇ كېسـەللەردىن قۇتۇلماقچـى بولسـاق، ھـەر قايسـى ساھەدە مەجبۇرىيەتنـى شـەرىئەتنىڭ يوليورۇقىغا ئۇيغـۇن ھالدا تولۇق ئـادا قىلىشـتەك دىنىمىزنىـڭ ئىجتىمائىـي كۆرسـەتمىلىرىگە مۇراجىئـەت قىاليلـى. شـۇنداق بولغانـدىال ئىمكانىيەتنىـڭ ئازلىقـى ۋە سىياسـىي مۇسـتەبىتلىكتىن كېلىـپ چىققـان مۈشـكۈللەردىن جەمئىيـەت ھىمايـە قىلىنىـدۇ. چۈنكـى ئىجتىمائىـي كېسـەل تارقالسـا، كىشـىلەر

مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا سەل قاراپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ئامراق بولۇپ كېتىدۇ.

### 4. مەنىۋىي سەۋەبلەر ماددىي نەتىجىلەرنى كۆپلەپ قولغا كەلتۈرىدۇ

دەسلەپكى مۇسۇلمانلار قولايلىق بولغان بارلىق سەۋەبلەرنى قوللانغاندىن كېيىن ئالالھنىڭ پەزلى بىلەن مەدەنىيەتلىك بىر دۆلەتكە ئايلانغان.

تارىخقا نەزەر تاشلىساق، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى پەقەت ماددىي سەۋەبكىلا باغلىنىپ قېلىپ، مەنىۋىي سەۋەبلەرنى ئۇنتۇپ قالسا،گەرچە ئۇلار سان جەھەتتە كۆپ بولسىمۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

## پايدىلانغان مۇھىم كىتابلار


1. «تەپسىرلەر ۋە سەھى ھەدىس كىتابلىرى»
2. «مىللەت ۋە شەخسلەردىكى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر» - د.مەجدى ئاشۇر.
3. «مىللەت ۋە شەخسلەردىكى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر» -د.ئابدۇلكەرىم زەيدان.
4. «مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولىشى ۋە يىقىلىشى» -پەتھى شىھابۇددىن.
5. «قۇرئاندىكى غەلىبە -نۇسرەت ئۇقۇمى» -د.مۇھەممەد ئەلى سەللابىي.
6. «قۇرئاندىكى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر بەلگىلىرى» -د.رەشىد كىھۇس.
7. «ئىلاھىي قانۇنىيەتلەردىكى تەتقىقاتلار» -د.رامىزان خەمىس.
8. «قۇرئاندىكى ئىسلاھات ۋە بۇزغۇنچىلىق» -د.تەۋپىق ئەلى
9. «قۇرئان ۋە ئويغىنىش قىممەت -قاراشلىرى» -بىر بۆلەك تەتقىقاتچىلار.
10.«ئويغىنىش شەرتلىرى» -مۇتەپەككۇر مالىك نەبى
11. «قۇرئان گۈللىنىشىنىڭ سىرى» -د.مەجدى ھىلالى
12. «ئىنسانىيەت ھەزارىتىدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى» -ئەھمەد سەرىر.
13. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۇممەتنىڭ ۋىجدانى» -د.مۇھەممەد ئەمارە.


## أهم المراجع


1 - كتب التفاسير والأحاديث الصحاح.
2 - السنن الإلهية فى الأمم والأفراد - د.مجدى محمد عاشور
3 - السنن الإلهية فى الأمم والأفراد - د.عبدالكريم زيدان
4 - السنن الإلهية فى قيام الأمم وسقوطها -فتحى شهاب الدين
5 - فقه التمكين فى القرآن - د.محمد على الصلابى
6 - معلمة السنن الإلهية فى القرآن - د. رشيد كهوس
7 -سلسلة دراسات فى السنن الإلهية - د.رمضان خميس زكي
8 -الإصلاح والإفساد فى ضوء القرآن - د.توفيق علي
9 - إنه القرآن سر نهضتنا - د. مجدى الهلالى

10 - القرآن ومقومات النهضة - مجموعة من الباحثين
11 - شروط النهضة - مالك النبي
12 - سنن الله فى الحضارة الإنسانية - أحمد سريرات
13 - عمر بن عبدالعزيز ضمير الأمة - د.محمد عمارة.